سىدىقھاجى روزى

# پوبلىستىكا ۋە لېكسىيەلەر

(2)

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى

**سىدىقهاجى روزى ئەسەرلىرى**

# پوبلىستىكا ۋە لىكسىيەلەر

## *(2)*

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

ئاپتورى: سىدىقهاجى روزى

تۈزىتىپ تەھرىرلىگۈچى: سىدىقهاجى روزى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مەمەتنىياز بۇلاق

بەتچىك: ئۇيغۇر سەۋداسى

2017 ـ يىلى 4 ـ ئاي

www.uyghurbahari.org

Email: info@uyghurbahari.org

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى



يازغۇچى سىدىقھاجى روزى رەپىقىسى رابىيە خانىم (ئوڭدا)


ۋە ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ
رەئىسى جون مېكايىن(سولدا) بىلەن بىللە ***2008***- يىل



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق رەئىسى بۇش بىلەن ***26/06/2006***



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رايىس خانىم
بىلەن بىللە



THE WHITE HOUSE
WASHINGTON

March 4, 2002

Dear Mr. Rouzi:

Thank you, on behalf of President Bush, for your letter of January 23 concerning the unjust imprisonment of your wife, Rebiya Kadeer, in China.

During his Febuary 21-22 visit to Beijing, the President reiterated to China's leadership that the Administration remains firmly committed to the defense of human rights and democracy in China. Members of the President's party expressed our concern about your wife's plight with Chinese authorities, urging that she be freed immediately. The United States Government in Beijing and Washington has repeatedly urged Chinese authorities to end this injustice, and we will continue to do so until Rebiya Kadeer is free.

Sincerely,

Condoleezza Rice
Assistant to the President
for National Security Affairs

Mr. Sidik Rouzi
619 North Pottenger
Shawnee, Oklahoma 74801

ئاق ساراي (ئامېرىكا ۋاشىنگتون) دىن سىدىقھاجى روزىغا يېزىلغان خەت

(تەرجىمىسى)

ۋاشىنگتون ئاق سارىي

2002-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنى

قەدىرلىك روزى ئەپەندىم:

رەپىقىڭىز رابىيە قادىرنىڭ خىتايدا ناھەق تۈرمىگە سولانغانلىقى توغرىسىدىكى 23-يانۋار يوللىغان تەلەپ خېتىڭىزگە ئامېرىكا پرېزىدېنتى "بۇش" نامىدىن رەھمەت.

پرېزىدېنت 2-ئاينىڭ 21-22-كۈنلىرىدىكى زىيارىتىدە جۇڭگونىڭ باشلىقىغا جۇڭگونىڭ ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيىسىنى نوقتىلىق ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ تەلىپىمىزنى پرېزىدېنت ئەزالىرى رەپىقىڭىزنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان قىيىنچىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، رەپىقىڭىزنى قويۇپ بېرىشكە قىستىدى. بېيجىڭدىكى ۋە ۋاشىنگتوندىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ھەقسىزلىكنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى، بىز تاكى رابىيە قادىر ئەركىنلىككە ئېرىشكۈچە داۋاملاشتۇرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن

(ئىمزا)

***Condoleezza Rice***

دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى پرېزىدېنت كاتىپى

سىدىق روزى (ئادرېس)

# پوبلېستىكا ۋە لېكسىيىلەر

**مۇندەرىجە**


سىدىقھاجى سىدىقھاجى روزى ۋە رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى...1
رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى ........................................ 26
پۇل – مۇئامىلە ئىسلاھاتى.......................................... 36
پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھالاكىتى......... 39
چەت ئەل كاپىتالى ۋە خىتاينىڭ ئىسلاھاتى....................42
خۇجىنتاۋ، ۋاڭ دارىن ئەپەندىلەر قانداق ئويلايدۇ..............46
<دېموكراتىيە بولمىسا، زامانىۋىلىشىش بولمايدۇ>........... 49
ھىندىستانغا كۆز تىكىشكە باشلىدى...............................52
ۋاڭ دارىننىڭ ئىتتىپاقلىشىش مارشىغا باھا........................55
ئۇيغۇرلار كۇبادا تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلدى........................57
ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇر ۋەتەنداشلارغا مۇراجىئەت...........60
يىپەك يولى – ئوتتۇرا ئاسىيا.................................... 64
خىياللار، ئۇيغۇر ۋە خىياللار.........................................66
دېھقانلارغا يەنە كەلدى كەلگۈلۈك ...........................69
جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا....................71
قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنەرمىش...........75
باللىرىمىز نېمىشقا قولغا ئېلىندى...............................78
دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ ئىقرارنامىسى ..............................81
غەرب دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان تاكتىكىسى ئۆزگەردىمۇ؟..83
قاھار ئابدۇرېھىم ...................................................85
مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئىمىش ...............90
شەكلى ئۆزگىرىدىغان مەزمۇنى ئۆزگەرمەي قوشۇلۇپ تۇرىدىغان
<قانۇن> ........................................................ 93
ئورمانچىلىق <قانۇن>مۇ ياكى ئاپتونومىيە <قانۇن> مۇ؟.......... 96

خۇ جىنتاۋ ئەپەندى نېمە دەيدۇ؟............................ 100
ئۇيغۇر قىزلىرىنى يۆتكەپ سېتىش............................ 103
يۆتكەشمۇ ياكى يۆتكەپ سېتىشمۇ؟.........................106
زىددىيەتلەر ۋە زىددىيەتلەرنىڭ ئومۇملىقى....................110

ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش ھارپىسدا تۇرغان جۇڭگو.......... 113
ئۇيغۇر جۇڭگانلىرى پاجىئەسى، پۈتۈن مىللەتنىڭ پاجىئەسىدۇر.......................................................115
ئۇيغۇرلارنى باي قىلىشمۇ ياكى ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىشمۇ؟.......................................................119
خىتاي جەمئىيىتى سىياسى داۋالغۇش دەۋرىگە كىرىپ قالدىمۇ؟.....122
سېكرىتار ۋاڭ دارىنغا قويۇلغان سوئال.........................125
خىتاي سىياسى غالجىرلىقىنىڭ ئاخىرقى چەككە يېتىشى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھالاكىتى.....................................129
جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىش ۋە مۇتەخەسسسلەرنىڭ كۆزقاراشلىرى...132
خىتاي كېڭەيمىچىلىك سىياستىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتتى......134
خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ھەل قىلغۇچ دەۋرىگە كىرىپ قالدىمۇ؟..137
يۆتكەش قىزغىنلىقىمۇ ياكى ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىش قىزغىنلىقىمۇ؟.......................................................139
جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ قۇرۇلمىسى كونتروللۇقنى يوقاتتى.......142
زامانىنىڭ زوراۋرىيىتى ۋە خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ جاۋابكارلىقى................................................146
خىتاينىڭ جاسۇسلىرى تەيۋەننىڭ ۋەزىيىتگە ئارىلاشتى.....149
ئاللاھ تەقدىم قىلغان ئەركىنلىك .....................................151
تېرىتورىيە مەسلىسى ............................................... 153
گروزىيە ساقچىلىرىنىڭ دادىل ھەرىكىتى..........................155

«كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرۇشمۇ ياكى خىتاي مىللىتىگە ئۆچمەنلىكمۇ؟»........................................................158
«پارتىيە مەدەنىيىتى» دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا............ 160
ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشمۇ ياكى جۇڭگو جەمئىيىتىنى قۇشخانىغا ئايلاندۇرۇشمۇ؟........................................................163
«غەربىي يۇرت»نى «شىنجاڭ» دەپ ئۆزگەرتىشنىڭ تارىخى مەنبەئىگە ئىزدىنىش» ماقالىغا ماۋزۇلۇق باھا................165
مىللى سىياسىتىنى ئاقىلماقچى بولدى........................169
شىگشىسسەي ۋە ۋاڭ لىپ چۋەن ..............................171
خىتاي ھۆكۈمرانلىقى قاچان گۇمران بولىدۇ؟ ................173
ئۇيغىنىش دەۋرىگە كىرگەن قىرغىزىستان خەلقى ...........175
نەنسى فىلوسى خانىم .........................................177
ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھوقۇقى ...............................179
داۋالغۇش دەۋرىگە كىرىپ قالغان جۇڭگو ....................182
سىياسى ئىسلاھات ۋە خەلقئارا قانۇننى تەستىقلاش.......184
ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىشىش ....................................186

**سىدىقھاجى روزى ۋە رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى**

**سىدىقھاجى روزى**

يېقىندا" ئازادلىق" تور بېتىگە بىر نەپەر يېڭى كىشى ئىنكاس يېزىپ مېنىڭ يەنى سىدىقھاجى روزىنىڭ سالاھىيىتى نېمە دەپ سوراپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن تۆۋەندە سالاھىيىتىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى شۇ كىشىگە سۆزلەپ بەر گۈچە ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ مېنىڭ سالاھىيىتىمگە نەزەر ئاغدۇرۇپ قويىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قارىغاندا مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورىغان بۇ كىشى، ھازىرغىچە 32 ھەرپىنىمۇ ئۆگەنمىگەن كىشى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىلەلمىدىم. بۇ كىشىگە قانداق سالاھىيەت كېرەك، ئىكىنە؟ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورايدىغان بۇ كىشىنىڭ ئەسلى سالاھىيىتى نېمە ئىكىنە؟! بۇ كىشىنىڭ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سوراپ يازغان ئىنكاسىغا تولۇق جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئاۋۋال يۇقىرىدا ئىككى كەلىمە كەلتۈرۈپ قويدۇم.

1

سىدىقھاجى رۇزى 1944- يىلى 6- ئاينىڭ 15- كۈنى ئاتۇش ناھىيە-ئازاق يېزا -مەيى كەنتىدە قارى قۇرئان، ئىقتىسادى ھاللىق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. خىتاي مۇستەملىكچىلىرى 1949-يىلى 10- ئايدا ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ھەرخىل ۋەھشىيانە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، 1952- يىلدىن باشلاپ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى تەركىبلەرگە ئايرىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ جامائە بۇلۇپ ئۇيۇشۇش كۈچىنى پارچىلاپ قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈردى .ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىشت بىلەن ئىشتىنىڭ ياكى ئىشت بىلەن بۆرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

دادىسى رۇزى قاري1952 -يىلى پومېشچىك تەركىبكە ئايرىلدى . ئائىلىۋى مال -بىسات، ئىسكىلات-قازناق، ئېغىلدىكى ئات-ئۇلاقلارنى

مۇسادىرە قىلىشقا باشلىدى .سىدىقھاجى رۇزى كىچىك ئىدى.ئانىسىنى بىر تەرەپكە، دادىسىنى بىر تەرەپكە تۇرغۇزۇپ قويىدى زامان زورىۋانلىرى".قەلەندەرلەر "ئىسكىلاتتىن بۇغداي قاچىلىغان تاغارنى ژۇدۇپ مېڭىشاتتى، ئېغىلدىن ئات-كالىنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىشتى . مۇسادىرە قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىغا باشلىق بولۇپ كەلگەن خىتاي ھىڭگاڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ تاماكا شوراپ چەتتە قاراپ تۇراتتى، ئۇيغۇر -ئۇيغۇرنى بۇلاۋاتاتتى .دادام قولۇمنى تۇتۇپ ئالغان ئىدى دەيدۇ، سىدىقھاجى رۇزى -قورقۇشتىنمۇ ياكى غەزەپتىنمۇ دادامنىڭ قولى تىترەيتتى1952 .-يىلىنىڭ ئاخىرىدا دادىسى رۇزى قارىغا زومگەر يومپىشچىك قالپىقى كەيدۈرۈلۈپ تۈرمىگە تاشلاندى .1955-يىلى11 - ئايدا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيتى سىدىقھاجى رۇزى ئائىلىسىگە دادىسى رۇزى قارىنىڭ جەسىتىنى تاپشۇرۇپ بەردى.

سىدىقھاجى رۇزى1961 -يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاتۇش شەھرىدە تولۇق پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى9 -ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتىغا ئوقۇشقا كىردى1966 .-يىلى9 - ئايدا ئالى مەكتەپنى تامامىلىشى كىرەك ئىدى .بىراق،شۇ يىلى5 -ئايدا خىتاينىڭ ئاتالمىش مەدەنيەت زور ئىنقىلابى باشلاندى .دەسلەپ قىلىپ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن مەكتەپ بۇيىچە ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى - ئىسمايىل ئابدۇراخمان، سىدىقھاجى رۇزى ئەكسىيەتچى،مىللەتچى ئوقۇغۇچىلار دېيىلىپ، تارتىپ چىقىرىپ كۈرەش قىلىندى .كېيىن تامغا چاپلانغان" چوڭ خەتلىك گېزىت "نى يىرتىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن رەھمەتلىك ئىسمايىل ئابدۇراخمان ساقچىنىڭ تۈرمىسىگە 6 ئاي قامالدى .سىدىقھاجى رۇزى مەكتەپتە تۆت يېرىم قەۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار ياتىقىغا نەزەربەنت قىلىندى .ئىبراھىم سۇلايمان ] قازاق[،ئالىمبېك ]قازاق[، نىزامەت قاتارلىق ساۋاقداشلىرى ئىككى سائەتتىن ئالمىشىپ سىدىقھاجى روزىنى نازارەت قىلاتتى .تاماقنى ئەكىلىپ بېرەتتى، تەرەتخانىغا نازارەت ئاستىدا چىقىپ كىرەتتى.

1966-يىلى11 -ئايغا كەلگەندە" ئوقۇغۇچىلارغا زەربە بېرىش"، "ئوقۇغۇچىلارنى تارتىپ چىقىرىش"،" ئەكسىيەتچىل سىياسى يول " دېيىلىپ تەنقىدلىنىپ سىدىقھاجى رۇزى نەزەربەنتتىن بو شۇتۇلدى . تارتىپ چىقىرىلغان باشقا ئو قۇغۇچىلار ھەم ئەسلىگە كەلتۇرۇلدى .
1966-يىلى11-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتىدا "قىزىل3 - باتالىيۇن " مىللى ئۇقۇغۇچىلار تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنى ئاۋۋال قۇرغان كىشى كىم؟ سىقھاجى رۇزىنىڭ قازاق ساۋاقدىشى ئالىمبېك ئىدى.[بۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ ئوقۇغۇچىلارغا "4چوڭ ئەركىنلىك" بېرىۋەتكەن، ئۇقۇغۇچىلار نېمە تەشكىلات قۇرىمەن دېسە ئەركىن ئىدى]. ساۋاقدىشى ئالىمبېك بىلەن سىدىقھاجى رۇزى ئوتتۇرىسىدا دېئالوگ مۇنداق باشلاندى :
- مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى سىنىپى كۆرەش بىلەن باشلاندى، شۇنداقمۇ؟
-شۇنداق.
-كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار تارتىپ چىقىرىلدى، شۇنداقمۇ؟
- ئەلۋەتتە شۇنداق.
- بۇ ھوقۇقدارلار ماۋزېدۇڭ بەلگىلەپ بەرگەن سىياسەتلەرگە قارشى يول تۇتقان ئىكەن، ئەجىبا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىقلار، ماۋزېدوڭ ئاساسى قانۇن ئارقىلىق بەلگىلەپ بەرگەن مىللى سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلغانمۇ؟
-بۇ، ئويلىنىشقا تىگىشلىك بىر ئىش ئىكەنغۇ؟
- " ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋزېدۇڭ"، "مىللى كۆرەش تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا سىنىپى كۇرەش مەسىلىسى"، دېگەن ئىدىغۇ؟
- راست شۇنداق دېگەن. بۇگۈن بۇ سۆز "ئەڭ ئالى يوليۇرۇق " بۇلۇپ قالدى.
- مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئاپتۇنۇم رايوندا سىنىپى كۇرەشنى تۇتقا قىلىۋاتىدۇ، نېمىشقا مىللى مەسلىنى تىلغا ئالمايدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايوننىڭ سېكرتار ختايلىرى چوڭ-چوڭ سياسەتلەردە خاتالىق سادىر قىلىپ، مىللى سياسەتتە پەقەت خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنمۇ؟
نېمە قىلىمىز، دېمەكچىسەن؟
-قېنى ساۋاقدىشىم ئالىمبېك، نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟- مەن ئەكسىيەتچى، مىللەتچى ئۇقۇغۇچى ئايرىلدىم. ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىپ تەشكىلات قۇرالمايمەن، سەن تەشكىلات قۇرۇپ چىق. مەن ئارقاڭدا تۇرۇپ ساڭا ياردەم قىلىمەن دېدىم.
"قىزىل 3-لىيەن" مىللى ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا 1966-يىلى11-ئايدا قۇرۇلۇپ چىقتى. دەسلەپتە بۇ تەشكىلاتقا ساۋاقداشلاردىن 9نەپەر كىشى قاتناشتى. 1968-يىلى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان كىشلەرنىڭ سانى 2مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.ئايتان رەئىس بولدى.
"قىزىل3 -باتالىيۇن " ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى بىر يىل دېگۈدەك ئۇرۇمچىدە ئانسامبىلنىڭ تېمىغا " چوڭ خەتلىك گېزىت "چاپلاپ، ۋاڭ ئېنىماۋنىڭ مىللى سياسەتتە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوپ يازغان "مېنىڭ باياناتىم"، ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە" چوڭ خەتلىك گېزىت"كە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى ئارقىلىق كۆچۈرۈلۈپ، ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلانغاندا ئۇرۇمچىدە كاتتا غۇلغۇلا باشلاندى .
مەمتىمىن ئىمىنوپ1967 -يىلىنىڭ ئاخىرىدا " ئىسيان" كۆتۈرۈپ، "قىزىل3 -باتالىيۇن " مىللى ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنى قوللاپ، شىنجاڭ ئۇنۋېرستىتىغا كېلىپ كادىرلار ياتىقىدا يالغۇز ياتاقتا يېتىپ قوپاتتى. مىللى ئۇقۇغۇچىلار نۆۋەت بىلەن كېچىسى ھەمرا بۇلۇپ قوغدايتتى. رەھمەتلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ يازغان ماقالىسىدا 1962-يىلى باي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن، 20مىڭ ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلگەن، ختاي ھاكىم خەيرۇي پەيدا قىلغان ئاچارچىلىق ۋەقەسىنى پاش قىلغان ئىدى.

مۇشۇ يەردە قستۇرۇپ ئۆتۇپ كېتەي. 1966-يىلى 9-ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە تىگىشلىك ئوقۇغۇچىلارغا ختاي مۇستەملىكىچىلىرى هاكىمىيتى 1967-يىلى 10- ئايدىن باشلاپ ئاساسلىق مائاشىنى 60 يۈەندىن بېكىتىپ مۇئاش تارقاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى پۇل كۆردى. بۇ چاغدا بىر كىلوگرام گۆشنىڭ پۇلى 7- 8 تەڭگە ئىدى، بىر قاپ تاماكىنىڭ پۇلى بىر تەڭگە ياكى ئىككى موچەن، ئاچارچىلىق ئۆتۇپ كەتكەن چاغلار ئىدى.

مەن بويتاق ئوقۇتقۇچىلار بىناسىغا مېھمان چاقىردىم. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رەھمەتىلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ، ئۇيغۇرنىڭ مۇزىكانتى رەھمە تىلىك زىكرى ئەلپەتتا، يازغۇچى رەھمە تىلىك ئەرشىدىن تاتلىق، تىلشۇناس مىر سۇلتان ئوسمانوپ ( هازىر هايات. لىيۇداۋەن تۈرمىسىدە 7يىل ياتقان، سىياسى مەھبۇس، مىنىڭ ئوقۇتقۇچۇم ئىدى، مىر سۇلتان ئەپەندى" ئۇيغۇرنامە"نىڭ ئاپتورى سابىت ئۇيغۇرنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقان ئىكەن.) يەنە ئىككى نەپەر ساۋاقدىشىم مىنىڭ مېھمانلىرىم ئىدى.

مۇئاۋىن رەئىس رەھمەتلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ بىر ئوھ تارتىپ :

- -زىكرى، چالساڭچۇ! فېئونېر ۋاخلىرىڭدا چالغان ناخشىلارغا ( فېئونېر ۋاخلىرىڭ دېگىنى قاپاقنىڭ بويىنىغا قىزىل لاتا باغلاپ دۇكانغا ئېسىپ قويۇپ ساتىراشلىق قىلىدىغان دۇكانلاردا چالغان ناخشا-مۇزىكىلارغا چالساڭچۇ دېگىنى ئىكەن.بۇ بىر خىل ئۆز ئارا قىلىشىدىغان چاقچاقلىرى بولسا كېرەك) چال ! زىكرى ئەلپەتتا رەھمەتلىك دۇتارنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق چالدىكى، مەمتىمىن ئىمىنوپ كۆزىنى ژۇمدى ئىككى تامچە ياش ئىككى مەڭزىگە ساقىپ چۈشتى. ھەممىمىز مىشىلداپ كەتتۇق. ئىمىنوپ:

-چال، زىكرى چال! ئۆستەڭ ناخشىلىرىغا چال! چال! ئەرشىدىن تاتلىق رەھمەتلىك بىر مەيدان ئاخىرلاشقىچە يىغلاپ توختىمىدى...

2

"قىزىل 3- باتالىيون " مىللى ئۇقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئوقۇغۇچىلىرى، "چوڭ خەتلىك گېزىت"كە ماقالە يېزىپ ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلاپ تۇراتتى. " بىگىتىۋەننىڭ ئاپشاركىلىرى 80 يۈەندىن پۇل خەجلىگەندە،ئالتايدا قازاقلارنىڭ ئىرىمچىككە قوسۇغى تويمىدى"، " ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ،جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى قەيەردىن- قەيەرگىچە"،" ئۇيغۇرلار كۆچمەنلەرنى بېقىپ كېتەلمەيدۇ"،"شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرغاق، تاغلىق،چۆللۈك رايون،سۇ مەنبەسى كەمچىل ئارتۇق كۆچمەن قوبۇل قىلالمايدۇ"،"ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونغا ۋاڭ ئېنماۋ سېكرېتار بولىشى كېرەكمۇ ياكى ئۇيغۇر سېكرېتار بولىشى كېرەكمۇ؟"،،، خىلمۇ خىل پىكىرلەر "چوڭ خەتلىك گېزىــت" ئارقىلىق ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلىنىپ تۇراتتى. خەلق ئاممىسى بۇ تامنى كىچە- كۈندۈز ئاڭلىق ياكى ستىخىيىلىك ھالدا قوغدايتتى، "چوڭ خەتلىك گېزىت" نىڭ ئۈستىگە "قىزىل 3- باتالىيون " ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ قەغەز چاپلىشىغا يول قويۇلمايتى. بۇلۇپمۇ ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئاكىمىز تۆمۈر ئەپەندى، ئاپشاركا ئىشتىنى يېتىلەپ كىلىپ. "چوڭ خەتلىك گېزىت"چاپلانغان تامنى قوغدايتتى.[ رەھمەتلىكنىڭ ياتار جايى جەننەت بولسۇن]

سىياسى نەزەرىيىلەرگە ۋە ماركسىزمغا مۇناسىۋەتلىك مەسلەن، ماركسىنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى ياكى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۇ نەزەرىيىلەرنى مىللەتلەر مەسىلىسىگە قانداق تەتبىق قىلغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان سىلىشتۇرما ئۇقۇملۇقلاشقان ماقالىلارنى رەھمەتلىك ئەرشىدىن تاتلىق بىلەن يازغۇچى ئۆمەر غازى(قازاق) قاتارلىق زىيالىيلار يېزىپ بېرەتتى.ئۇقۇغۇچىلار بۇ سەۋىيىلىك يېزىلىدىغان ماقالىلارنى يازالىغۇدەك سەۋىيىگە تېخى يەتمىگەن.ھەر شەنبە ياكى يەكشەنبە كۈندە ئىككى سائەت بەزىدە 4 سائەت ۋاقىت چىقىرىپ مەخپى يىغىن ئاچاتتۇق، شۇ ھەپتىلىك قىلىدىغان

ئشلرىمزنى بەلگىلەيتۇق، يغىنغا رەھمەتلك ساۋاقدىشىم ئايتان ئوسمانوپ، ئوسمانجان ساۋۇت ( يىقىندا ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ئسمىنى ئاشكارە ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر.... دوستۇممۇ رىياسەتچىلك قىلاتتى.( بۇكىشى ھازىر ۋەتەندە ئسمىنى ئاشكارىيالمايمەن) يەنە بىر ساۋاقدىشىممۇ....... (بۇ كىشى ھەم ۋەتەندە ئسمىنى ئاتىيالمايمەن ) شۇ دەرىجىدە يەنى ئايتان دەرىجىلىك رىياسەتچىلك قىلاتتى. ساۋاقداشلار ئۇيۇلتاشتەك ئىناق ئىدۇق. بىر - بىرىمىزدىن نام ئاتاق، شان-شەرەپ تالاشمايتۇق، لىدىرلىك، رەئسلىك تالاشمايتۇق. ئۇ بەشكىرەملىك بۇ قورغاسلىق، ئۇ تارانچى، بۇ قاراقچى، دەپ يۇرتۋازلىق قىلشمايتۇق.ئەسلدە يۇرتۋازلىق ئىپتىدايى ئايۋاننىڭ شەرتلىك رىپلىكىس ئارقىلىق رول ئوينايدىغان ئىپتدائى قىزغانچۇقلىقىدىن پەيدا بولىدىغان، ئادەملەردە بولسا تۇغما ھەسەتخورلۇق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل يىلىنجاپ تۇرىدىغان رەشك ئوتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنداق رەشك ئوتى ساۋاتسىز، قارا قورساق، ئىلىم -بىلىمسىز ئادەملەردە تېخىمۇ ئۇتكۈر بولاتتى. لېكىن يەنە بۇ يەردە باشقا بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئسمىنىمۇ ئاشكارىلىيالمايمەن.( بۇ كىشى ھازىر ئوتتۇرا ئاسيادا مەلۇم دۆلەتتە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ)

1968-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى ياكى بۇ كۈندىن باشقا بىر كۈنى بولسا كېرەك، ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن 5-ئاي ئىكەنلىكىگە سۆز كەتمەيدۇ. 2000 دىن كۆپرەك، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ ئۇيغۇر -قازاق ئوقۇغۇچىلىرى دەرۋازىدىن نامايىش قىلىپ چىقىپ، ئۆرۈمچى شەھەر ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توپلاندى.(1962 -يىلى يۈز بەرگەن 29-ماي ۋەقەسىنى خاتىرلەش نامايىش قىلغۇچىلارنىڭ مەقستى ئىدى.) بۇ كۈنى بۇ جىددى يىغىنغا بىر مىلىيۇندىن ئارتۇق ئۈرۈمچى خەلقى، ھەتتا20 مىلىيۇن ئۇيغۇرستان خەلقى ئارىلاشتى، قاتناشتى دېسەك، ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. (بۇ يىللاردا ئاپتۇنوم رايون دېگەن يەردە ھۆكۈمەت يوق، پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ كۆزى3" - باتالىيۇن "

ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى"غا قارىتىلغان. كىمدۇ بىرسى تور بېتىگە خەتچەك يېزىپ، بىردەم 2000 دەيدۇ، بىر دەم 15000 دەيدۇ، قايسى راست ؟دەپتۇ. ھەممىسى راست. چۈنكى، بۇ نامايىشنى تەشكىللىگەن، ئۇيۇشتۇرغان ۋە بۇ نامايىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ تۈرمىدە ياتقان ئادەملەر ئۈچۈن بۇ ئىش راست ئىش، بۇ تارىخ ئۇلار ئۈچۈن ئۆزى ياراتقان راست تارىخ ھېسابلىنىدۇ. بۇگۈنكى قويمىچى، قورساق باقتىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ئەلۋەتتە يالغان بولىدۇ. چۈنكى خىتايغا قارشى نامايىشتىن ئۇلارغا ھېچ قانداق نەپ پايدا تەگمەيدۇ. شۇ ڭا ئۇلارنىڭ جان بېقىش پەلسەپىسىگە ئاساسلانغاندا "ئىشسىزلار نامايىش قىلىدۇ، ئىشى بارلار نامايىش قىلمايدۇ.)

تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئايتان ئوسمانوپ نوتۇق سۆزلىدى:

"- مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەت تەڭلىكنىڭ سىياسەت ساھەسىدە ئۇقۇملاشقان مەنىسى نېمە ۋە بۇ نە زەربىنىڭ ئىجرائىيەتتىكى ئەمەلىيتى، مەسلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن بۇ مەمۇرىي بىرلىكنىڭ ھوقۇق شەكىللىرى نېمە؟،،،، "ئۇ كۈنى ساۋاقدىشىمىز ئايتاننىڭ سۆزلىگەن نۇتقى بەك دەبدەبىلىك، بەك جۇشقۇن،مەزمۇنلۇق، بىۋاستە قاراتمىلىققا ئىگە بولغان نوتۇق ئىدى. ئەتراپقا توپلانغان بىر نەچچە مىڭ ئامما قۇلاق بېرىپ ئاڭلاپ تۇراتتى، كۆز يېشى قىلاتتى.ھېسداشلىق قىلغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەتنى قوللىغۇچىلار، ئەگىشىپ يولنىڭ چېتىدە ماڭغۇچىلار، نامايىشقا ئۇزۇتۇپ قويۇپ مەكتەپ دارۋازىسىنىڭ ئىچىدە قالغۇچىلار، ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى، شۇ قاتاردا ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، "ئىنقىلابى ئالاقە باغلاش" ئۈچۈن ئۇيغۇرىستاننىڭ جاي-جايلىرىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ تەخمىنەن 15مىڭ 20مىڭدىن ئارتۇق كىشى شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدە "تاماشا" كۆرۈۋاتاتتى ياكى شۇ كۈنكى نامايىشقا ھەر خىل يوللار بىلەن ئىشتىراك قىلغان

ئىدى.شۇئار تولۇق، ئارزۇلىرىنى ھەرىكەت ۋە شۇئار ئارقىلىق ئىپادە قىلاتتى. ھەقىقى ئىنقىلاب قانداق ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ ھېسداشلىق قىلغۇچىلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا، قورقۇنچاقلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا،يول ياقىلاپ ئەگىشىپ ماڭغانلارمۇ نامايىشچىلار قاتارىغا قوشۇلغاندا ئاندىن ھەقىقى ئىنقىلاب ئوتتورىغا چىقاتتى.( قانداق قىلىمىز زامانداشلىرىم،ئۇيغۇر خەلقى ئوقىنمۇ چالا ئاتىدىغان، نامايىشنىمۇ چالا قىلىدىغان بىر خەلق ئىكەن.)

شۇ كۈنى ئوقۇغۇچى ساۋاقداشلىرىم ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىن جەنۇبى قوۋۇق ئايلانمىسىغىچە نامايىش قىلىپ بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدا يەنە يىغىن تەشكىللىدى.بۇنداق قىلىش - ھەرىكەت ئارقىلىق جامائەت پىكرى توپلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى ئىدى.

مەن ئانسامبىلىنىڭ ئۇدۇلىدا يەنى يولنىڭ شەرىق تەرىپىدە قىردا ئولتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامايىشىغا رەھبەرلىك قىلدىم. ئايتان بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ساۋاقدىشىم (ئەمەت...) ئالاقىچىلىك قىلاتتى.مېنىڭ قولۇمدا بىر جىگدەك خام گۆش بار ئىدى، قەيەردىن ئالدىم بىلمەيمەن، ياكى بىرسى مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدىمۇ بىلمەيمەن ياكى بىر خىل نىقاپلىنىشمۇ

بىلمەيمەن.نامايىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قورقۇپ كېتىپ بىر ھەرىكەت قىلىپ -گۆش سېتىپ ئېلىپ ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق جىددىيلىكنى پەسەيتمەكچى بولدۇممۇ بىلمەيمەن. ( كىچىرىڭلار ۋەتەنداشلىرىم! مەن شۇ چاغدا 22 ياشلىق بالا، نامايىشقا قاتناشقان ساۋاقداشلىرىممۇ 20- 22 ياشلىق بالىلار ئىدى.)

ئەمەت... يۈگۈرۈپ كەلدى،- مەركەزدىن جۇئېنلەي تېلېفون قىلىپتۇ...(تېلېفون "ئۈچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ" نامىلىق خىتاي ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلگەن)

-نېمە گەپ ئىكەن؟

-ئايتاننىڭ ياكى باشقا بىرسىنىڭ مەكتەپكە بېرىپ تېلېفون ئېلىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن.
-ئايتان بارالمايدۇ، نامايىشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ، باشقا بىرسىنى ئەۋەتىڭلار. دوستۇم ھەم ساۋاقدىشىم ئوسمانجان ساۋۇت تېلېفون ئېلىشقا يۈرۈپ كەتتى. جۈئېنلەي:
-ساۋاقداشلىرىم !ھەر قانداق گېپىڭلار بولسا،شىنجاڭ ھەربى رايونى ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلايمەن،- نامايىش قىلىپ سوۋېت رېۋىزونىستلىرىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمگە قارا سۈركىمەڭلار! سىلەرگە ئىشىنىمەن،ئۈزۈم ئالدىراش، كاتىبىم گو كاتىپنى تېلېفوننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇم، گېپىڭلار بولسا گو كاتىپقا يەتكۈزۈڭلار!
جۈئېنلەينىڭ تېلېفون ئارقىلىق قىلغان باياناتى نامايىشچى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلدى، جىددىيلىك پەسەيدى، (ئەسلىدە جۈئېنلەينىڭ دېگەنلىرى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلمەيدىغان ئىش ئىدى. باللىق قىلدۇق.) ئوقۇغۇچىلار تارقىلىشقا باشلىدى.(شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىدا كىيىم-كېچەكنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇۋالغان قوراللىرى بار ئىدى دەپ كېيىن ئاڭلىدىم.لېكىن ئۈزۈم ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمەن) ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ شەرىق تەرەپ قىرغىقىدىكى رېستۇران ۋە پوچتا خانىنىڭ ئۆگزىلىرىگە چىقىپ ئالغان ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى نازارىتىنىڭ ساقچىلىرى بىر تەرەپتىن سۈرەتكە تارتىپ تۇراتتى بىر تەرەپتىن فىلىمۇتنى بەتلەپ نامايىش مەيدانىغا قارىتىپ قويغان ئىدى...

3

ئو قۇغۇچىلار مەكتەپكە قايتىپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە خىتاينىڭ ھەربى رايونى كېچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، خىتاي ئو قۇغۇچىلار تەشكىلاتى" ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ" تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ، مىللى مۇناپىق تۇردى ئابدىرېھىمنى (يەنە بىر ئىسمى تۇردى شىڭلى) ئالدىغا سېلىپ، ئۇخلاۋاتقان ياتاققا

باستۇرۇپ كرىپ، مەمتىمىن ئىمىنوپىنى قوغداپ ياتاقتا بىللە ياتقان ساۋقدىشىمىز غۇپۇر قادىرنى ئۇرۇپ زەخمىلەندۇرۇپ،ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوپىنى قولغا ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار يەنە نامايىشقا تەييارلانغاندا،"شىنجاڭ "ئۇنىۋېرسىتېتى ئاللىقاچان ھەربى رايوننىڭ نازارىتى ئاستىغا ئېلىنغان. ھەربى رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ئولاتايىپ بىر باتالىيون ئەسكەر باشلاپ كېلىپ،مەكتەپ ئىچىدە ئىشخانا قۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرگەن. (كېيىن كېسەلگە باھانىداپ رەھمەتلىك ئىمىنوپىنى باجىياخۇ تۈرمىسىدىن ئېلىپ چىقىپ ئاپتونوم رايونلۇق 2-دوختۇر خانىغا ئېلىپ كىلىپ قان قاتۇرۇش ھوكۇلى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ،1970-يىلى 5-ئاينىڭ29 - كۈنى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن 9 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ قاتارىدا تاغ بۇلاق جازا مەيدانىغا دەپنى قىلىنغان. قان قاتۇرۇش ھۇكۇلى ئۇرۇپ مەمتىمىن ئىمىنوپىنى ئۆلتۈرگەن ئۇيغۇر دۇختۇر ھازىر ھايات، شۇ كۈندىن باشلاپ بىر دوختۇر خانىغا باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ...... (بۇ ھېكايىلار مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاڭلىغان ھېكايىلاردۇر)

ئوقۇش پۈتتۈرگەن، لېكىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۇپەيلى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمىغان ئوقۇغۇچىلارنى 1968-يىلىنىڭ ئاخىرىدا جاي-جايلارغا تەقسىم قىلىشقا باشلىدى.مەن شۇ چاغدىكى ئاياللىم بىلەن بىللە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە تەقسىم قىلىندىم. شۇ يىلى 12-ئايدا قېچىش توغرۇلۇق تېلېگراممىا تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ تېلېگراممىنى ماڭا كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن... ھەم ئەسلىيەلمەيمەن.1969-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى بۆرتالا - ئۇتەيدە قولغا ئېلىندىم. ئاۋۋال ئوبلاستلىق تۈرمىگە كېيىن بىڭتۇەننىڭ تۈرمىسىگە 15كۈن قاماپ قويدى.2-ئاينىڭ 15-كۈنى ئەتىراپىدا ئۈرۈمچى- لىيۇ داۋەن تۈرمىسگە يۆتكەپ كەلدى.شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنى ئايتان باشلىق 9 نەپەر ئىنقىلابچى ساۋاقدىشىم، بىر نەپەر

قازاق چارۋىچىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۆرتالا ئارشاڭ ئارقىلىق قېچىپ ھازىرقى قازاقىستانغا ئۆتۈپ كەتتى.( بۇ ھېكايىلارنىڭ بىر قىسمىنى تۈرمىنىڭ ئىچىدە،بىر قىسمىنى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاڭلىدىم)

1969-يىلى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى دوستۇم ساۋاقدىشىم ئېركى-ئەركىن، (موڭغۇل)، رەھمەتلىك ساۋاقدىشىم ئابىت، ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق ھازىرقى قازاقىستاندىن ئۇيغۇرىستان ۋەتىنىگە كىرىپ كەلدى. تۇيۇپ قالغان خىتاينىڭ رازۋېت ئورگانلىرى شۇ كۈنى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى پۈتۈن "شىنجاڭ" مىقياسىدا ھەربى ھالەت ئېلان قىلىپ، ئاختۇرۇشقا، تىنتىشقا باشلىدى. بۇ يىگىتلەرنى مەقسۇس بىر ئاپتۇ بۇسنى ئىشلىتىپ، ئۈرۈمچىدە رىمۇنت قىلدۇرىمەن دەپ، باھانە تېپىپ ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن شوپۇر ئىسمايىل ئەپەندى، ئاپتۇ بۇسنى يىقىلغان تاشتا توختىتىپ، ئىككى ساۋاقدېشىمنى شەھەرگە ئۈرۈمچىگە كىرگۈزۈۋەتكەن. ئۇلار تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە بويىچە سايىۋاغ رايونلۇق ئەدلىيە باشلىقى باقى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن. تىنتىش، ئاختۇرۇش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان.ھەتتا خىتاينىڭ كاماندوروپكىغا چىققان ھەربىلىرىنىمۇ تۇتۇپ كەتكەن، ئۈرۈمچىدە پۈتۈن مەكتەپلەر تۈرمىگە ئايلاندۇرۇلغان.ئىككى نەپەر ساۋاقدېشىم ئىشنى تاماملاپ قېچىپ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇيەردە كـۈتـۈپ تۇرغان ساۋاقداشلىرىمىز، بۇ ئىككىسىنى سوۋېتلەر سالغان بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋەت بالىكونىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشكىنى كىرىست شەكىللىك مىخلاپ بولۇقنى ئەمدى يو شۇرۇپ تۇرۇشىغا خىتاينىڭ ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كىرگەن. بالىكوندا ئەسكى كىگىزنىڭ ئاستىدا ئىككى كۈن ياتقان بۇ ئەزىمەتلەر،ئۈچۈنچى كۈنى يىقىلغان تاشقا يەتكۈزۈلۈپ، ئىسمايىل ئەپەندىنىڭ قولىغا تا پشۇرۇپ بېرىلگەن.قازاقىستانغا قايتىش سەپىرىدە چېگرا رايوندا قوغداشنى كۈچەيتكەن بىڭتۈەننىڭ قوراللىق كۈچۈكلىرى ئىككى ئەزىمەتنى بايقاپ قالغاندا، قىزىقى شۇ يەردىكى ئۇلار ئاللىقاچان ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بېتەرەپ رايونغا كىرىپ بولغان. خىتايلار ئۆز

تەۋەلىكىدە ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقارغانۇ، لېكىن بىتەرەپ رايۇنغا قارىتىپ ئوق چىقىرالمىغان. ساۋاقدېشىم ئېركى ھەزىل قىلىپ...ئاتە-ئاتە،ئاتىدىغان يەرگە ئاتمامسەن دېگەن. رەھمەتلىك باقى ئەپەندى ئۈرۈمچىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن 9نەپەر كىشىنىڭ قاتارىدا، رەھمەتلىك ئىسمايىل ئەپەندىلەر ئالتايدا، 1970 - يىلى 5-ئايدا خىتاينىڭ باستۇرۇشى ئارقىلىق ۋاپات بولغان.

بۇ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە بۇ ئىشلارغا ئارىلاشقان دوستۇم.....ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر دۆلەتتە ياشاۋاتىدۇ. دوستۇم ئېركى بۇ ھېكايىنى قانداق سۆزلەيدۇ، تېخى ئۇنىڭ بىلەن بۇ توغرىدا ئەھۋاللاشمىدىم.

4

1977 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى ئۈرۈمچى لىيۇ داۋان تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىپ،ئاپتۇبۇسقا سېلىپ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ توقسۇننىڭ تۈرمىسىدە، قارا شەھەرنىڭ تۈرمىسىدە، كۇچانىڭ تۈرمىسىدە تۈنىتىپ، قوندۇرۇپ ساقچىلار يالاپ ئاقسۇغا ئېلىپ بېرىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ دادىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مەمەت سەلەينىڭ باشقۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. مەمەت سەلەي مېنى ئاپىرىپ يەنە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىگە قاماپ قويدى. بۇ نېمە ئىش ؟ مەن ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئادەمغۇ ؟! مەن، توپ توغرا 3ئاي ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە ياتتىم،1977 -يىلى10 -ئاينىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدىن چىقىپ 1978-يىلى 7-ئاينىڭ 31-كۈنى خېنىم رابىيە قادىر بىلەن توي قىلدىم. 1980-يىلى 4-ئايدا ئاقسۇدا رابىيە خېنىم ئىككىمىز تەسادىپ بىر ئەھۋالدا نامايىش تەييارلىدۇق، (يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 80 -يىللىرى زامان كەڭرىپ كەتكەن، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ سوت قىلىنىۋاتقان، ماۋزىدۇڭنىڭ ئايالى جياڭ چىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كىچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىنغان يىللار ئىدى) نامايىش

تەييارلاشقا ئاساس تەييارلاپ بەرگەن ئۆلۈم ۋەقەسى، يەنى ختاي ساقچى ئۆلتۈرۋەتكەن 17 ياشلىق يولۋاس دېگەن يىگىت ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە مەن بىلەن بىر كامېردا ياتقان كىشى ئىدى.... شۇ كۈندىن باشلاپ، 1982-يىلى 7-ئاينىڭ 2-كۈنى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشقىچە، شاگىخەي، گۇۋاڭجۇ قاتارلىق ختاي شەھەرلىرىدە رابىيە خېنىم بىلەن ئىككىمىز بىللە يۈرۈپ سودا- تىجارەت قىلدۇق.
1989-يىلى 12ئاينىڭ 25-كۈنى كىچىك قىزىم قەقنۇس تۇغۇلدى. ختاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىگە قارشى چىققان ئوخشايمىز.تىجارەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالىم رابىيە قادىرغا 50مىڭ يۈەن جەرىمانە قويىدى.ماڭا 2مىڭ يۈەن جەرىمانە قويىدى ۋە دوتسېنتلىققا يوللىغان تەرجىمىھال، ماتېرىياللىرىمنى بىكار قىلىپ ئۈنۋان ئېلىش سالاھىيىتىمنى ئېلىپ تاشلىدى. 1993-يىلى9 -ئايدا توختام بىلەن مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىپ رابىيە قادىرنىڭ تەرەققى قىلىۋاتقان سودا -تىجارىتىگە قورغاس چېگرا ئېغىزىدا تۇرۇپ ياردەملەشتىم.
1994-يىلى جەمئىيەتتە بىر غۇلغۇلا-" ھەربى رايوننىڭ مۇزىكانتى ۋاڭ لوبىڭ ختاي- ئۇيغۇر- قازاقنىڭ ناخشا- مۇزىكىلىرىنى مەن ئىجات قىلدىم دەپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ"، دەيدىغان پىكىرلەر ئېقىپ يۈرەتتى.يەنە بىر فىلىم ئۇيغۇر بىلەن قازاق مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سالىدىغان "فىڭ خانىم" ماۋزۇلۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ختاي يازغۇچىلار ئېكرانغا چىقىرىپ، "قازاقلار تارىختا ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان "دەيدىغان سەپسەتىۋى جامائەت پىكرىنى تەييارلاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن قازاق زىيالىي قېرىندىشىمىز تەلەۋقان ختاي تىللىق" شىنجاڭ گېزىتى"دە " شىنجاڭ يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئەمەس" ماۋزۇلۇق ماقالە يېزىپ ئوتتۇرىغا قويۇش قىلىشقا باشلىدى. تۆۋە، ئاتالمىش" شىنجاڭ "، ئەمەلىيەتتىكى ئۇيغۇرىستان كىمنىڭ زېمىنى ئىدى؟ ئۇيغۇر نىڭ زېمىنى بولماي كىمنىڭ زېمىنى

بولشى كېرەك ئىدى، قازاغىم ؟ بۇ ئىش بىلەن سىزنىڭ ۋە خىتاينىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ نېمشقا قازاقنى ئۇيغۇرغا،ئۇيغۇرنى قازاققا كۈشكۈرتمەكچى بولدىڭىز ؟ زىددىيەت سېلىش، قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىش، ئەسلى گومىنداڭ خىتايلىرىغا ئادەت بولغان ئۇسۇل-چارە ئەمەسمىدى، نەسلى كومموئۇنىست ئەسلى خىتايلارغا مىراس قالغان بولمامدۇ؟ كىچىكتۇرۇشكە بولمايتى. شۇڭا مەن، "نەپىسگىنى يىغۇال! ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوبىڭ"، " فىڭ خانىم ۋە ئاپتورلارنىڭ تارىخ قارىشىغا باھا" ماۋزۇلۇق ماقالىلارنى يېزىپ "ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى"دە ئېلان قىلىپ يۇقىرقى كىشىلەرنى تەنقىد قىلدىم، خىتاي يازغۇچىلارنىڭ تارىخ قاراشلىرىغا رەددىيە بەردىم. بۇ ماقالىلار ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتىدە ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. ئويلاپىتىمەن،ناخشا -مۇزىكا ئۇيغۇرنىڭ ئىدى، خىتاي ۋاڭ لوبىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ، مەن بۇ خىتايىنى تەنقىد قىلدىم...ئۇيغۇرلار قوزغۇلۇپ نامايىشقا چىقسا، قاتارنىڭ ئالدىدا ماڭىمەن دەپ، ئويلاپتىمەن.نەدىكىنى؟ ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ ياكى ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىز ئادەملىكىمگە باھا بېرەلمەي كەلدىم. مۇستەملىكە مىللەتنىڭ غۇرۇرى مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەتنىڭ چەكتىن ئالقىغان ھاقارىتىگە ئۇچرىغاندا، كىشىلەر سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللى غۇرۇرىنى قوغدىشى، نۇمۇس-كۈچىنى ئاقلىشى كېرەكمۇ ياكى جان بېقىشنىڭ كوچىسىدا لاي- پاتقاققا مىلىنىپ يۈرۈشى كېرەكمۇ؟ ئاۋۋالقىسى توغرا بۇلۇپ، كېيىنكىسى خاتا بولسا، مەن" ئەقىللىق "ئادەم ئىدىم، مۇبادا ئاۋۋالقىسى خاتا بۇلۇپ،كېيىنكىسى توغرا بولسا مەن "دۆت "ئادەم ئىدىم. بۇگۈنكى كۈندە ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار قالتىس يۇرەكلىك. لېكىن " مەن ئەقىللىق" ئادەم بۇلۇش بىلەن "دۆت " ئادەم بولۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە قايمۇقۇپ كەلدىم. لېكىن باشقا" ئەقىللىق "ئادەملەرچۇ ؟ ئۇلار "جان بېقىشنىڭ تەگلىمىسى"نى ئىجات قىلىشىپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇرۇمچىدە يازغان ماقالىلىرىم خىتايغا ئېغىر كەلدى. بۇلۇپمۇ دوستۇم شائىر

ئوسمانجان ساۋۇت بىلەن بىرلىشىپ " رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار" ماۋزۇلۇق كىتابنى تەرجىمە قىلغانلىقىم خىتايغا ھەددىدىن زىيادە ئېغىر كەلدى.چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ ئامېرىكىلىق ئاپتورى جون گارۋېر ئەپەندى "يالتا شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشنىڭ،"موسكۋا شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشنىڭ تارىخى جەريانىنى 60% ئەتىراپىدا پاش قىلىۋەتكەن. بىز كىتابنى خىتاي تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق.خىتاي بۇنداق بولىشىنى خالارمىدى؟

1995-يىلى 12-ئايدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى يىغىنىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى فىنىڭ داجىن، مەن يېزىپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماقالىلىرىمنىڭ مەزمۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ:" مىللەتچى، شوۋىنىست، تارىخنى بىلەمدىكىن؟"دىدى.شۇ قېتىمقى تەتقىقات يىغىنىدىن خۇلاسە چىقارغاندا،"شىنجاڭ گېزىتى" گە ماقالە يېزىپ فىنىڭ داجىن مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىماي تۇرۇپ تەنقىد قىلدى.فىنىڭ داجىن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات يىغىندا مېنى تەنقىدلەشكە باشلىغاندا، شۇ يىغىنغا قاتناشقان ماينۇر قاسىم، ھەتتا ساۋۇدانوپ ئەپەندىلەر:

ن- نېمە دەيسەن، ناخشا - مۇزىكا ئۇيغۇرنىڭ ناخشا - مۇزىكىسى، سىقىھاجى رۇزى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە تەنقىدچى، ئۇنىڭ تەنقىدلەش ھوقۇقى بارمۇ ياكى سەن ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تارتىپ ئالدىڭمۇ، دېيىشتى. قارىغاندا ئۇينىڭ مۇڭگۇزىگە ئۇرسا تۇۋۇقى سىرقىرايدۇ دېگەن ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى توغرا ئېيتىلغان ئىكەن. ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى «مەن ئىجاد قىلدىم»، مېنىڭ ناخشام دەپ مۇتىھەملىك قىلغان خىتاي ۋاڭ لوبىڭنى ماينۇر قاسىممۇ، ساۋۇدانوپمۇ ئەيىپلىمەكچى بولغان ئىدى. فىنىڭ داجىن سىگنال بەردى، قولغا ئېلىش... ئۇ «شىنجاڭ» مائارىپ ئىنستىتۇتى رەھبەرلىرىگە تېلېفون بېرىپ: سىدىقھاجى رۇزىغا سىلەر چېقىلماڭلار، بىز ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز، دىدى. قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى؟! ئايالىم رابىيە قادىر:

- قاچ، سدىق قاچمساڭ بولمايدۇ، قۇرداشلىرىڭ ۋە دوسلىرىڭنىڭ ھالى شۇ. بىز ئەمدى دەۋانى چەت ئەلدە قىلىمىز، قاچمساڭ بولمايدۇ.
نەگە ؟
-ئوھوي...!
-نەگە؟
-ئوتتۇرا ئاسىياغا...
- ۋەتىنىم گەرچە مۇستەملىكە بولسىمۇ، مەن ئۇچۇن ئايۋان- سارايغا بەرگۈسىزدۇر. ئايۋان- سارايدىن ئايرىلىپ ئېغىلغا قاچامدىم... قاچسام ئامېرىكىغا قاچىمەن...
1996 - يىلى 2 - ئايدا مەركەزدىن ئۇرۇمچىگە «7- نومۇرلۇق ھۆججەت» چۈشۈرۈلگەن ئىمىش. 1996-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنى شاڭخەيدە روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى قاتناشقان "شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى" قۇرۇلماقچى بولدى، دېگەن خەۋەرلەر گېزىتلەرنى قاپلاپ كەتتى. دېمەك، روسىيە باشچىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن بىرلىشىپ شاڭخەيدە يىغىن ئېچىپ، خىتاي مۇستە ملىكىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇرۇشىغا يېشىل چىراق يېقىپ بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن فىڭ داجىنىنىڭ سىگنالىمۇ، يەنە باشقا ھەممە، ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. قەيەردە سەن دېموكراتىك دۆلەت ئامېرىكا! قەيەردە سەن، قىزىل كىرىمىل ئىمپېرىيىسىنى پارچىلاپ 15 دۆلەتكە بۆلۈۋەتكەن دېمۇكراتىك دۇنيا ؟!
1996-يىلى 2-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى رابىيە قادىر ئەر-ئايال ئىككىمىز،[، ئىككىمىزنى" كۆزىتىپ" بىللە كەلگەن يەنە بىر كىشى بار ]بېيجىڭغا كېلىپ،ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىخانىسىغا كىردۇق. پاسپورتىمىزنى رابىيە خېنىم روجەككە ئۇزاتتى. بىر خىتاي تەتەي قولىغا ئېلىپ ئىچكىرىدىن بىرسىنى چاقىردى.27 ياشلار چامىسىدا ئامېرىكىلىق بىر يىگىت كېلىپ، تەتەينى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ : قارشى ئالىمىز رابىيە قادىر، سىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭنى قارشى ئالىمىز،- بىز سىنى

هامان بىر كۈنى مۇشۇ باش ئەلچىخانىغا كىلىدۇ دەپ،9يىل كۈتتۇق، دىدى........
خىتاي تىلىدا.
1996-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى رابىيە خېنىم ئىككىمىز ئۇلتۇرغان ئايروپىلان ياپۇنىيە ئارقىلىق ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئامېرىكىنىڭ دېترويىت شەھىرىگە قوندى. 1996-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنى سىياسى پاناھلىق بېرىلگەن داكومىنت قولۇمغا تەگدى.1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۇيغۇرستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆلەملىك نامايىشى پارتلىدى. 2-ئاينىڭ 15-كۈنى بىز ئۇيغۇرلار ۋاشىنگىتۇندا 100 كىشىلىك نامايىش تەشكىللىدۇق.1998-يىلى 11-ئاينىڭ 25- كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىدا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇرلارغا رادىئو ئېچىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1999-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈم. 1999-يىلى 8-ئاينىڭ 11-كۈنى مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە خېنىم ئۈرۈمچىدە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى... باللىرىم قايسى كۈندە قالدى، مۇشۇ ۋاقىتتا باللىرىمنىڭ ھېسىياتىنى كىم چۈشىنەر؟مەن قايسى كۈندە قالدىم، مۇشۇ ئاي مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ ھېسىياتىمنى كىم چۈشىنەر...؟
سىدىقھاجى رۇزى رابىيە قادىردىن 8يىل ئايرىلدى، كېيىنكى 6يىل ئىچىدە نە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى، نە ئۇنىڭ بىر پارچە خېتىنى كۆرمىدى. سىدىقھاجى رۇزى1999-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 2005-يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنىگىچە ئۆزى ۋە باللىرى بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە 6 قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بېسىمى،ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلار كاتىپى كاندىلىزا رايىس خانىمنىڭ بېسىمى ئارقىلىق،خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى، رابىيە قادىر 2005-يىلى 3-ئاينىڭ17-كۈنى ۋاشىنگىتۇنغا يېتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى ۋە سىياسى پائالىيەت سىدىقھاجى روزىنىڭ قولىدىن رابىيە قادىرنىڭ قولىغا ئۆتتى. سىدىقھاجى رۇزى ئارقا سەپكە چېكىنىپ، رابىيە قادىرنىڭ پائالىيەتلىرىگە ماتېرىيال تەييارلاپ بېرىدىغان كىشىگە ياكى كاتىپقا ئايلاندى.

تەرجىمھال خاراكتېرلىك ئەسلىمىنىڭ داۋامى

1967-يىلىنىڭ ياز ئايلىرى بولسا كېرەك،ئۇيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى پائالىيەت قىلىۋاتقان قەشقەردە ئاخۇنوپ تەشكىلاتىغا ۋەكىل بۇلۇپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، رەھمەتلىك مىجىت باتۇر،قەشقەردىن كىلىپ،«قىزىل 3- باتالىيۇن " تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى ئايتان ۋە باشقىلار........... بىلەن ئۇرۇمچىدە كۆرۈشكەن ئىدى. كۆرۈشۇشكە مەن تەكلىپ قىلىندىم،ئەمما مەن قاتناشمىدىم. كۆرۈشۇش ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتى بىناسىنىڭ 2- قەۋىتىدە "قىزىل 3- باتالىيۇن " ئىشخانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان. نېمىشقا قاتناشمىدىم...؟ ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارىمدى ياكى باشقا بىرسى قاتناشما دېگەنمىدى؟ ھازىرغىچە ئەسلىيەلمىدىم. مىجىت باتۇر، ئايتان ۋە باشقىلار بىرلىكتە قۇراللىق قوزغىلاڭ توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەنمىدى...؟ بىلمەيمەن.1969-يىلى 8-ئايدا ئۇيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى ئاخۇنوپ، مىجىت باتۇر رەھبەرلىكىدە قەشقەردە قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. تۈرمىدە ئىدىم، شامالداشقا چىققان ئىدىم، رادىئو توختىماي سۆزلەپ تۇراتتى،- "مىجىت، ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قۇراللىق قوزغىلاڭ قەشقەردە باستۇرۇلدى...."، ھەتتەڭگەي! شامالداشقا چىققان ھويلىدا ئىگىشىپ قولۇمغا كېسەك ئېلىپ سېمونت -بىتۇن

تامغا" ياشسۇن مىللى قەھرىمان مىجىتنىڭ روھى"! دەپ،يازدىم. شوپۇر ئۇستام -جاپپار ئۇستامدىن باشقا، مەن بىلەن شامالداشقا چىققان جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي ئىدى. جاپپار ئۇستام يېنىمغا كېلىپ، خەتنى يېگى بىلەن ئۆچۈرۈۋېتىپ، - ئۇكام دەردىڭ ئۇنىڭسىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، دىدى.

1972-يىلى 10-ئاينىڭ 2-كۈنى قولۇمغا ئىشكەل پۇتۇمغا كىشەن سېلىپ تۈرمىنىڭ كارىدورىغا ئېلىپ چىقىشتى. نەگە بارىمەن؟ ئويلايتىم. كىچىك ماشىنىغا سېلىشتى،نەگە بارىمەن...؟ ئويلايتىم، لېكىن تېگىگە يىتەلمەيتىم. تىببى ئۈنۈۋېرسىتىتىغا ئېلىپ بېرىشتى.قان ئىسكىلاتىغا كەلدۇق،-دېيىشتى. خىيالىمغا قوشۇلۇپ بىر قورقۇنۇچ يىتىپ كەلدى...... مېنى بۇ يەرگە نېمىشقا ئېلىپ كېلىشتى...... ئۇزۇن كارىدور... بىر ئۇيغۇر كۆرۈنمەيدۇ... خۇدا دېدىم، خۇدادىن ئۆزۈمگە كۈچ ئالدىم، جۇرئەت ئالدىم. بۇ تۇپراق مېنىڭ، بۇ ۋەتەن مېنىڭ دېدىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم كۈچ ئاتا قىلدىم. ئىچىمدە، قورقۇشتىن بوشاپ كېتىۋاتقان ماجالىمغا تەسەللى بەردىم. يەنە غەيرەتكە كەلدىم . ئوتتۇرا ھالقىسىدىن بىلىمگە باغلاپ قويۇلغا ن 10 كىلوگېرامدىن ئېغىر كىشەننىڭ ژىپىنى يېشىۋەتتىم. (قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە بولاتتى )كىشەننى تاختايلىق پولنىڭ ئۈستىدە سۆرەپ ماڭدىم. ئوڭ پۇتۇمنىڭ ھالقا دانىنى سول پۇتۇمنىڭ ھالقا دانىغا ئۇرۇپ ماڭدىم. ( ھالقا دان كىشەننىڭ ھالقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان تۆمشۇقى) كىشەن شۇنداق رىتىملىك ئاۋاز چىقاردىكى ئىشخانە -ئىشخانىدىن، كارىدۇرغا قارىتىپ ئېچىلغان دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان دوختۇر، سېستىرا تەتەيلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ ئۆتتۈم. قولۇمدىكى ئىشكەلنى يىشىۋىتىپ ئۇستەل ئۇستىگە ياتقۇزۇشتى.....سول قولۇمنى چىقىرىپ بەردىم....450 گىرام قېنىمنى ئېلىۋالدى... شۇ كېچىسى تۈرمىدە ئانا...!! دەپ يىغلىدىم.ئىككىنچى يىلى باھار يىتىپ كەلگەندە تۈرمىدە چىشىمنى ژۇيۇشقا ئولتۇرۇپ، ئورنۇمدىن قوپۇشتا ئورنۇمدىن

دەرھال قوپالمايدىغان بۇلۇپ قالدىم....1977-يىلى 7-ئاينىڭ 31 كۈنى ئۈرۈمچىدە تۈرمىدىن قويۇپ بىرلدىم. ساقچى يالاپ ماشىنىغا سېلىپ ئاقسۇغا قارا پ ئېلىپ ماڭدى. نېمشقا؟ چۈنكى، ئامېرىكا، خىتاي دۆلەتلىرى دىپلۇماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ كەلگەچكە خىتاي ھۆكۈمىتى،" شىنجاڭ "دېگەن يەردە بارلىق سىياسى مەھبۇسلارنى ئارقا -ئارقىدىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ئازاد قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

بۇ يەردە يەنە بىر دىتالنى قىستۇرۇپ ئۆتەى:

1977-يىلى 7-ئايدا مەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرلگەن كۈنلەردە 44يىل خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان ئۇيغۇرنىڭ دىنى ۋە سىياسى دائىسى ئابدۇل ئەزىز مەقسۇم قارا قىلچىڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىپ،كۇچاغا تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قارامايلىق شوپۇر تۇرسۇن ئەپەندى، قەشقەرگىچە يۈك قاچىلاپ، مە قسۇمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى بويىچە كۇچادىن ئېلىپ ئاتۇشقا ئېلىپ بېرىپ بۇ قېتىم مەھشەتتىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىكەن.

تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە كۇچادا مەقسۇمنى يوقلاپ كىرگەنلەردىن كىمدۇ، بىرسى: مەقسۇم ئاخىرزامان قاچان كېلىدۇ، دەپ سورىغان ئىكەن. مەقسۇم جاۋاب بېرىپ:

-قاچان كېلەتتى...يېنىڭدىن خىتايلار ئۆتۈپ تۇرغاندا... خىتايلار يۇرت-ماكانىڭنى بېسىۋېلىپ سەن بىلەن بېرگە ئولتۇرۇپ، بېرگە قوپقاندا ئاخىرزامان، ئاخىر زامان كەلگەن بولىدۇ. بۇگۈن ساڭا ئاخىر زامان بولمىدىمۇ؟دەپتۇ.

مەن،دوستۇم شوپۇر ئابدۇللا سەلەي بىلەن ئابدۇل ئەزىز مەقسۇمنى يوقلاپ،1978-يىلى 7-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەقسۇمنىڭ مەھشەتتىكى ئۆيىگە كەلدۇق. ئۆينىڭ ئىچىدە 20-30 ئادەم مەخسۇمنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ. غە رىبى تام تەرەپكە بىر ياغاچ كارۋات

قويۇقلۇق ئىكەن، كارۋاتنىڭ شىمال تەرەپ بېشىغا بىر ياستۇق قويۇقلۇق ئىكەن. كارۋاتقا گىلەم، كۆرپە سېلىقلىق ئىكەن. ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن، تۈكى ئۆسمەيدىغان بېشى يالاڭباشتاق ئابدۇل ئەزىز مەقسۇم ئۈچىسىغا ئاق كۆينەك، شىم ئورنىدا ئاق تامبال كەيگەن ئابدۇل ئەزىز مەخسۇم كارۋاتتىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ نوتۇق سۆزلەۋاتقان ئىكەن. مەن تۆۋەندە مەقسۇمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى رەھمەتلىكنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەلەپپۇزى بويىچە يېزىپ قالدۇرىمەن. بىز ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن سۆز قەيەردىن باشلاندى بۇنىڭدىن خەۋرىمىز يوق. مەقسۇم سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق نوتۇق سۆزلىدى:
" گېرمان تۈگسە دۇنيادا سانائەت تۈگەيدۇ،
ئىنگىلىز تۈگسە دۇنيادا سەياسەت تۈگەيدۇ،
تۈرك تۈگسە دۇنيادا شەجائەت تۈگەيدۇ،
روس بىلەن خىتاي تۈگسە دۇنيادا ئاپەت تۈگەيدۇ"،بۇ نۇتۇق
مەقسۇمنىڭ ۋەسىيتى ۋە ئامانىتى ئىدى. بۈگۈن بۇ يازمام ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەۋلادىغا تاپشۇردۇم. مەقسۇم ئۇرۇمچىدە زوكام بولۇپ قېلىپ دوختۇر خانىدا بىر ھەپتە يېتىپ، دوختۇر خانىدىن چىققاندا ئېلىشىپ قالدى...80 19-يىللارنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە نېفىت قاچىلاپ شەرققە ماڭغان پويىزنىڭ چاقى ئاستىدا قېلىپ يۇرۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۇ ۋىدالاشتى.
دوستۇم ئېركى[مۇڭغۇل بۆرتالالىق] ئۇيغۇرچە ئىسمى ئەركىن ھازىر شۋىتسيىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ،قازاقىستاندىن كەلگەن.1968 - يىلى 5- ئايدا نامايىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شائىر دولقۇن ياسىننى چېگرادىن قازاقىستانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەسئۇل بولدى. "شائىر" قازاقىستانغا ئېلىپ كېلىندى.مەن ئېمىشقا دوستۇم ئەركىنگە -مەن چىقىپ كېتەي دېمىدىم ؟" قېچىپ قۇتۇل" دەپ،تېلېگراممىا تاپشۇرۇپ ئالغاندىمۇ، بورتالاغا بېرىپ ساۋاقداشلىرىمنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدۇم، لېكىن بىر تەرەپكە قېچىش بىر تەرەپكە كېتىش نىيىتىم يوق ئىدى.

هۆرمەتلىك ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم! ئۇكىمىز ئابدۇرەھمجان ئابدۇرەشىد ئەپەندىم، ئا لىمجان ئەپەندىملەرنىڭ ھاۋالىسىگە ئەمەل قىلىپ ئۇشبۇ تەرجىمەھالىمنى يېزىپ چىقتىم تۈركىيىگە نەشر قىلىشقا بەرگەن كىتابىمغا تەرجىمە ھالىمنى قىسقىچە يېزىپ بەرگەن. بۇ قېتىم سەل ئۇزۇنراق يېزىلدى ئۆمرۈم يار بەرسە بېشىمدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى تولۇق يېزىپ قالدۇرۇشۇم مۇمكىن. يۇقىرقى ئىشلار 1966-يىلدىن 1968-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى.ئەسلەش جەريانىدا ئازابلاندىم.قازاقىستانغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن دوستلىرىمنىڭ ئىچىدە ئابىت، ئايتان ئوسمانوپلار بىرسى دوختۇر خانىدا، يەنە بىرسى ئىشلەۋاتقان يېرىدە قازاقىستاندا تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتتى... پاكىتىم يوق لېكىن گۇمان قىلىمەن... يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بۇ ھېكايىلەر بۇنىڭدىن 45 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلار... ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش كۈچىمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن. چۈشۈپ قالغان، كېمىپ قالغان تەرەپلىرى بولسا، ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقان شۇ دەۋرىنىڭ ۋەقەلىرىگە شاھىد بولغان ۋەتەنداشلىرىمنىڭ تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. 45 يىل... ھازىرلا ياشلىقىمغا قايتقاندەك بولدۇم، بايراق كۆتۈرۈپ قاتارغا كىرىپ، ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە خىتايغا قارشى نامايىش قىلغاندەك بولدۇم........

بىر قېتىم گېرمانىيىدە ئۇكىمىز ئالىمجان ماڭا:

_ سىزنىڭ بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش، ۋەتەنگە، مىللەتكە، ئازادلىققا مۇناسىۋەتلىك بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش ئىنتايىن كۆپ، ۋەتەننى، مىللەتنى دەپ، تۈرمىدە ياتقانلىقىڭىزدىن خەۋىرىمىز بار، يېزىپ قالدۇرۇشىڭىز، بىزگە سۆزلەپ بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى، دېگەندە، مەن:

-ئوغۇل بالا ئۆتمۈشتە ئەركەكتەك ئىش قىلغان بولسا، ئەركەكتەك قىلغان ئىشلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى شۇ قىلغانلىرى ئاساسىدا يەنە ئەركەكتەك ئىش قىلىدۇ، دېگەن ئىدىم. مۇنداق قارىسام بۇگۈن ئويلىسام مېنىڭ بۇنداق كۆز قاراشلىرىم، ئالىمجان

ئۈكمىزغا دىگەنلىلىرىم يېڭى دەۋردە ياشاۋاتقان سىيت گاڭگۈڭچە ئاخماقلىق ئىكەن. مەن سۆزلەپ بەرمىسەم مەن يېزىپ بەرمىسەم قىزىق ئىش مىنىڭ نىمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى كىم بىلىدۇ؟ مەسلەن، شۇ چاغدا مەن ئۇرۇمچىدىن يولغا چىقىپ ئۈتەيدە قولغا ئېلىندىم، ئاجايىپ ھېكايىلارغا ( 1969-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى) تولغان بۇ كېچە توغرىسىدا كىمنىڭ خەۋرى بار دەيسلەر؟ باشقا ئادەملەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان قورقۇنۇچلۇق كېچىلەرغۇ، بۇ. مەن يېزىشىم كېرەك. ۋەتەنداشلىرىم بىلىپ قېلىشى كېرەكقۇ؟

مەيلى رابىيە قادىر بولسۇن، مەيلى مەن بۇلاي بېشىمىزدىن ئۆتكەنلەرنى، تارتقان كۈنلىرىمىزنى ھەرگىز ۋەتەنپەرۋەر ۋەتەنداشلىرىمىزغا سېلىشتۇرمايمىز، چۈنكى، ۋەتەن، مىللەت - دېگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بېشىدىن ياكى ئۇنداق ئىش ئۆتكەن بولىدۇ ياكى مۇنداق ئىش ئۆتكەن بولىدۇ. ئالدىنقى شەرت شۇكى، " ۋەتەن، مىللەت " دېگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بېشىدىن........ ئۆتكەن، بۇ دۇنيادا" ئازاپ - ئۇقۇبەت دەيدىغان نەرسىمۇ يوق" ، " خۇشاللىق ۋە شات- خۇراملىق دەيدىغان نەرسىمۇ يوق. پەقەت ئەھۋالنى، مۇھتنى بىر -بىرىگە سېلىشتۇرۇشلا بار" ،بىراق ئەقلىمىزنى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتايلارغا سېلىشتۇرۇشقا تامامەن ھوقۇقلۇق بىز. لىن بياۋ موڭغۇلىيىنىڭ ۋىندۇرخان ئۆلكىسدە ئۆلدى، سىياسى ئۆزگىرىش قىلىمەن دېدى قىلالمىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى ؛ئامما سىدىقھاجى روزى،ئايتان ئوسمانوپ، ئېركى، قاتارلىق ساۋاقداشلار بىر مەيدان نامايىش تەشكىللەش ئارقىلىق خىتاينىڭ ئاساسى قانۇندا بەلگىلەنگەن" يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش" دەيدىغان بىر ماددىنى، خىتاينىڭ " مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش" دەيدىغان بىر ماددىغا ئۆزگەرتىشدە، خىتايغا يېتەرلىك بېسىم پەيدا قىلالىدى. 1987-يىلى رابىيە قادىر 7 قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىغا ھۇل تاش، ھۇل تاش ئۇستىگە پىششىق كېسەك قويغاندا،1مىليارد 300مىليۇن

نوپۇسقا ئىگە خىتاي مەملىكىتىدە تېخى بىر خىتاي،توخۇ كاتىگىمۇ سالالمىغان ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 10-20- يىللىرىدا فرانسىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇئېنلەي، دىڭ شياۋپىڭ، كالىفورنىيە، ياپۇنىيەدە ئوقۇغان ئامېرىكىلىق سۇ نجۇڭسەن قاتارلىق خىتاينىڭ ئەينى چاغدىكى دېموكراتلىرى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا خەلقئارا جەمئىيەتتە ھېچ ئىش قىلالمىغان ئىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتلاردا ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلسون ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق "ۋىلسون خىتابنامىسى" نى ئېلان قىلىپ،كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە نەزەرىيىۋى ئاساس تەييارلاپ بەرگەن چاغلار ئىدى. ھازىر ئوتتاۋادىن-سىدنىغىچە، ۋاشىنگتۇندىن -بېرلىنغىچە،ئوسلودىن - ئامستېردامغىچە، ئالمۇتادىن- توكيوغىچە، ئەنقەرەدىن لوندۇنغىچە شۇ دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ھەربىر،" ۋەتەن"، دېگەن ئۇيغۇر ئائىلىنىڭ نەسەپ تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرسەڭ، (ئايرىم ئۇيغۇر تىللىق ئائىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ) ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنى ۋە قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى بىمالال كۆرۈپ ئالالايسەن!

ئۇيغۇرلار ئۇمۇمىي يۈزلۈك ئويغىنىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەنمۇ؟ يېتىپ كەلدى، ئەلۋەتتە يېتىپ كەلدى مەيلى ئاڭلىقلىرى، ئاڭسىزلىرى، دېھقانلىرى، زىيالىيلىرى ئوخشاشلا شۇنداق دەۋرگە يىتىپ كەلگەنمۇ، يېتىپ كەلدى!!! ئويغىنىش ھەرىكىتى دېگەن نېمە؟ پەيلاسوپ كانت مۇنداق دەيدۇ: " ئويغىنىش ھەرىكىتى دېگەنلىك- ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى- ئۆزىگە تېڭىپ قويغان پىششىپ يېتىلمىگەن ھالەتتىن قۇتۇلۇشى دېگەنلىكتۇر. پىششىپ يېتىلمىگەن ھالەت دېگىنىمىز،- باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ،ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماسلىق بۇ،پىششىپ يېتىلمىگەن ھالەت دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئەقىل-پاراسەتنىڭ كەملىكىدىن

ئەمەس بەلكى، باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ، ئىشلىتىشكە تېگىشلىك غەيرەت، شىجائەت ۋە ئىرادىنىڭ كەم بولۇشىدىن ئىبارەت پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت، ئىنسانىيەت ئۆزى- ئۆزىگە تېڭىپ قويغان پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەتتۇر. غەيرەت- شىجائەتىڭلا بولىدىكەن ئۇنداقتا، ئۆزۈڭ ئەقىل-پاراسىتىڭنى ئىشلەت! مانابۇ ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ شۇئارىدۇر.

2013-يىلى7 -ئاينىڭ22 -كۈنى يېزىلدى.
2014 -يىلى 2-ئاينىڭ12 -كۈنى قايتا تۈزۈتۈلدى. ۋاشىنگتون

## رابىيە قادىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى 7

2006-يىلى11 -ئاينىڭ26 -كۈنىدىن باشلاپ رابىيە قادىر خەلقئارا ئۇيغۇر مىللەت دەۋاسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ھازىرغىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كونا- يېڭى رەھبەرلىرى مۇئاۋىن رەئىس سىيىتىم تۈم تۈرك، ئىجرائىيە رەئىس دولقۇن ئەيسا، مۇئاۋىن رەئىس قەھرىمان خوجامبەردى، مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، مۇئاۋىن رەئىس ئۆمەر قانات، ياۋروپا شەرقى تۈركىستان بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى كاتىپى نۇر مەمەت مۇساباي، دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى رىسالەت خانىم، مۇئاۋىن رەئىسى ئاسىيە خانىم قاتارلىق ئۇيغۇر سىياسى پائالىيەتچىلەر ۋە ئۇيغۇر رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرنىڭ مىللەت دەۋاسىغا ۋەكىل بولۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.
رابىيە قادىر، شەرقى تۈركىستان، خىتاي ئىشغال قىلغاندىن كېيىن خىتاي تىلدا شىنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان، بىر ئۆلكىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي شەھرىدە 1946-يىلى11 -ئاينىڭ15 - كۈنى دۇنياغا كەلدى.1949-يىلى 10- ئايدا خىتاي قىزىل ئارمىيىسى بۇ ئۆلكىگە تاجاۋۇز قىلىپ

كرىپ، 1962-يىلى ئالتاي شەھرىدىكى ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، دادىسى قادىرجان ۋاقىتلىق ئالتايدا قالدى، رابىيە قادىرنىڭ ئانىسى تاجىنىسا باشلىق بىر ئائىلە كىشىلىرىنى جەنۇبى" شىنجاڭ" نىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە سۈرگۈن قىلدى.رابىيە قادىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاقسۇدا تاماملىدى. ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تۈپەيلى داۋاملىق ئوقۇيالماي ئائىلىگە قوشۇمچە كىرىم قىلىش يولىدا مەھەللىۋى تىجارەت قىلىپ، كىچىك باللارنىڭ كىيىم كىچەك، باش كىيىملىرىنى تىكىپ سېتىپ،ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق تۇرمۇش كۆچۈرۈشكىمۇ يول قويمىغان خىتاي ھۆكۈمىتى، قانچە قېتىم رابىيە قادىرنىڭ پۇل -پىچەك،مال - بىساتى، تىكىپ قويغان كىيىم- كىچەكلىرىنى مۇسادىرە قىلدى.

1978-يىلى رابىيە قادىر، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شەھەر ئاتلاپ تىجارەت قىلىپ،1980 -يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش دەۋرىگە يېتىپ كەلدى. 1987-يىلى ئاۋۋال8 " مارت سودا بازىرى" نى قۇرۇپ چىقىپ نەچچە يۈز لىگەن ئاياللارنى سودا تىجارەت قىلىشقا يېتەكلەپ ئۇلارغا چىقىش يولى تېپىپ بەردى. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سودا -تىجارەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلدى. رابىيە قادىر،سودا -تىجارەت ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان " شىنجاڭ" نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىدە 7قەۋەتلىك ئاپارتمان سېلىپ،ئۇيغۇر ئاھالىلارنى يېڭى ئۆي بىلەن ھەقلىق تە مىنلىدى. 1991- يىلى پۈتۈن ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېتلەر ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەندە، خىتايدىمۇ سىياسەت بوشاپ، خىتايدا ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بېيىشىغا روخسەت قىلىشقا ۋە كەڭچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغاندا، رابىيە قادىر ئۈرۈمچى شەھرىدە، " رابىيە قادىر سودا سارىيى" نى سېلىپ پۈتتۈرۈپ، مىڭلارچە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە دۇكان ئېچىپ باي بولۇش پۇرستى يارىتىپ بەردى.

ئۇيغۇر خانىم قىزلارنى جەمئىيەتكە يېتەكلەش، پۇل تېپىپ ئاياللارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىپ ئائىلىدە باللارنى

ياخشى تەربىلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن رابىيە قادىر،200 دىن ئارتۇق خانىم قىزلارنى تەشكىللەپ1997 -يىلى 12-ئاينىڭ15 -كۈنى "مىڭ ئانا شىركىتى"نى قۇرۇپ چىقتى. بىراق، شىركەت قۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتى مىڭلارچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىقتىسادقا باغلىق ئويغىنىشىدىن ۋە تەشكىللىنىۋاتقانلىقىدىن چۆچۈپ 1998-يىلى 2 - ئاينىڭ25 -كۈنى "مىڭ ئانا " شىركىتىنى تاقاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شىركەتنىڭ بانكىغائامانەت قويغان نەخ پۇلىنىمۇ توڭلاتتى. "مىڭ ئانا شىركىتى" نىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى ھەر قانداق سەۋەبسىز مۇسادىرە قىلدى.

رابىيە قادىرنىڭ تىجارەت دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشمۇ شۇنچە كۈچىيىشكە باشلىدى.ھەتتا توك ئىدارىسى، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىللىرىمۇ، رابىيە قادىرنىڭ سودا -تىجارەتنى كېڭەيتىشكە توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى.شەرقى تۈركىستان "شىنجاڭ" ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللى كادىرلىرىمۇ رابىيە قادىرغا سىياسەت بويىچە ياردەم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.دېمەك، رابىيە قادىر قەدەمدە بىر قېتىم كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە دۈچ كەلدى،ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاشقا باشلىدى. كىشىلىك ھوقۇقى شۇنداق خورلۇققا دۈچ كېلىۋاتقان رابىيە قادىر ئۆزىنىڭ يولدىشى سىدىقھاجى روزىنى ئامېرىكىغا چىقىرىۋەتتى. ئۆزى ۋەتەندە قېلىپ گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئائىت بايانلىرنى كېسىپ توپلاپ، يوچتا ئارقىلىق ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۆمۈرلۈكى سىددىقھاجى روزىغا چىقىرىپ تۇردى ۋە ئەۋەتىپ تۇردى.

1999-يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى ئامېرىكا كوڭگىرىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كىلىپ، رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، مېھمانلار چۈشكەن مېھمانخانە ئالدىغا يېتىپ كەلگەن رابىيە قادىر،خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. رابىيە قادىر

سومكسىغا سېلىۋالغان، " ئامېرىكا خەلقىگە مۇراجىئەت "ماۋزۇلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئائىت يېزىلغان 10ماددىلىق بىر پارچە ماتېرىيال ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشتى.2000 -يىلى3 -ئاينىڭ9 -كۈنى خىتاينىڭ سوت ئورگانلىرى رابىيە قادىرغا8 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

''ئۇمۇمى كەچۈرۈم ''خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بېسىمى، بولۇپمۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ دۆلەتلىرى گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، نورۋىگىيە، ئاسىيادا ياپونىيە قاتارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى ۋە شۇ دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشكە مەجبۇر بولدى. رابىيە قادىر2005 -يىلى ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا3 - ئاينىڭ17 -كۈنى ۋاشىنگىتونغا يىتىپ كەلدى.

2005-يىلى4 -ئاينىڭ25 -كۈنى رابىيە قادىر، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى توغرىسىدا تۇنجى بولۇپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

2005-1 -يىلى6 -ئاينىڭ1 -كۈنى ئامېرىكا كوڭگىرىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە بېرىپ رابىيە قادىرنىڭ بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىماقچى بولغاندا، رابىيە قادىرنىڭ روشەنگۈل ئابدۇرېھىم، قاھار ئابدۇرېھىم، ئالىم ئابدۇرېھىم، ئابلىكىم ئابدۇرېھىم قاتارلىق بالىلىرىنى خىتاي ساقچىلىرى قولغا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاھار ئابدۇرېھىم 6 ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. روشەنگۈل ئابدۇرېھىم3 كۈندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. رابىيە قادىرنىڭ بالىلىرنى قولغا ئالغاندا ساقچىلار، رابىيە قادىرنىڭ قىزى روشەنگۈلنىڭ قولىغا تېلېفوننى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى ئۇرۇپ قىيناپ، ئۇنىڭ تاياق زەربىدىن ئانا دەپ تولغان ئاۋازىنى ساقچىلار تېلېفون ئارقىلىق ۋاشىنگىتوندىكى ئانىسى رابىيە قادىرغا ئاڭلاتتى.

2- رابىيە قادىر 2006-يىلى11 -ئاينىڭ26 -كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندا، خىتاينىڭ سوت ئورگانلىرى رابىيە قادىرنىڭ كىچىك ئوغلى ئالىم ئابدۇرېھىمغا تۆھمەت بىلەن "باج تاپشۇرمىدى "دەپ،جىنايەت ئارتىپ7 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. مىللى بۆلگۈنچىلىككە قۇتۇرتىپ تور بېتىگە ماقالە يازدى دەپ، جىنايەت ئارتىپ رابىيە قادىرنىڭ ئوتتۇرانجى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىمغا 9يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

3- 2005-يىلى10 - ئاينىڭ5 -كۈندىن25 -كۈنگىچە، رابىيە قادىر گوللاندىيە، بىلگىيە قاتارلىق 7 ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى قىلىپ بېرىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قانداق دەپسەندە قىلغانلىقىنى پاش قىلدي.

4- رابىيە قادىر، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلاتقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلات رەھبەرلىكىنىڭ ئاستىغا توپلىدى.

5- ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ -دەۋالىرىنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت پىروگراممىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ دۇنياسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ،رابىيە قادىر ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى دۇنياۋى كۈن تەرتىپكە ئېلىپ كەلدى.

6- ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ۋە شەرقى ياۋروپا دا چېخ جۇمھۇرىيىتىگە ئالاھىدە يىتىپ بېرىپ رابىيە قادىر7 يىلدىن بېرى توختىماي دۇنيا بويىلاپ ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى قىلدى.

7-گېرمانىيە، شۋىتسىيە، شۋىتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە داۋاملىق بېرىپ رابىيە قادىر، شۇ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە

پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا كىرىپ نوۋاك ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، يەنە بىر نەچچە قېتىم باشقا رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا يەتكۈزدى.شۇ دۆلەتلەرگە داۋاملىق ئاڭلاتتى. مۇخبىرلارنىڭ ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر دەۋاسى شۇ دۆلەتلەردە مەتبۇئاتلاردا يەر ئالدى. تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىلدى. دۇنياۋى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ھەمكارلىشىپ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

8- رابىيە قادىر، ۋەتەن ئىچىدە قۇدرەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ، ۋەتەن سىرتىدا ھەقىقى ئەخلاقلىق ئادىمى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

9- رابىيە قادىر، ئىتالىيە كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا، نورۋىگىيە رافتو مۇكاپاتىغا، تۈركىيە مەزلۇملار مۇكاپاتىغا، ئامېرىكىدا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بولۇپ، جەمئى5 قېتىم كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

10-2009 -يىلى 7-ئاينىڭ5 - كۈنى "شىنجاڭ" نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى نامايىشىنى رابىيە قادىر پىلانلىدى دەپ، ھۆكۈم قىلىپ 500 نەپەر ئۇيغۇر تىجارەتچىنى رابىيە قادىر سودا سارىيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، سودا سارايىغا قۇلۇپ سالدى.

11- ۋەقەدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى ئىككى نەپەر ئوغلىنى ئادەتتىكى جازا بېرىش تۈرمىسىدىن قاتتىق باشقۇرىدىغان تۈرمىگە يۆتكەپ كەتتى. ھازىرغىچە ئوغلى ئابلىكىم

ئابدۇرېھىم تۇرمدىن قويۇپ بېرىلمدى. كىچىكى ئالىم ئابدۇرېھىم كېىسىم ۋاقتى توشۇپ تۇرمدىن قويۇپ بېرىلدى.
12 - كىشىلىك ھوقۇق ئۇچۇن پائالىيەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ نىشانىغا ئايلاندۇرغان رابىيە قادىر، خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇقى ئۇچۇن كۆرەش قىلىپ، مال -مۈلكىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ باللىرى ۋەتەندە خىتاينىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسا، رابىيە قادىر،چەتئەللەردە خىتاي داشقاللىرىنىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاپ تۇرسىمۇ يەنىلا، ئامېرىكا ۋە غەربى ياۋروپا، ئاسىيادا ياپۇنىيە، ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىرى دېمۇكراتىك ئەللەر يارتىپ بەرگەن پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىشىغا تايىنىپ، رابىيە قادىر توختىماي كىشىلىك ھوقۇق پېئالىيتى قىلىۋاتىدۇ.
13- رابىيە قادىر، ئامېرىكا دېمۇكراتىيە فوندى جەمئىيتىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئايالالارنى يەنە شۇ ئايالالارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇمۇمى 6 قېتىم دۇنيا بويىچە سىمنارىيگە تەشكىللەپ، دېمۇكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۇرۇشكە ئىمكانىيەت ياراتتى.
14 -رابىيە قادىر قايسى دۆلەتكە بېرىپ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيتى قىلماقچى بولسا، خىتاي ھۆكۇمىتى شۇ دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىنى چەكلىمەكچى بولدى. لېكىن رابىيە قادىر ھەرگىز تەۋرەنمىدى.
15 -رابىيە قادىر، تىبەت، موڭغۇل، خىتاي دېمۇكراتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئاچتى.
16 - رابىيە قادىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا چاقىرىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ 3 يۈز دوللار، 5 يۈز دوللاردىن ئىئانەقىلىشنى قولغا كەلتۇرۇپ، ئامېرىكىدا فورت ۋاشىنگتۇندا ئۇيغۇر ئۆيى سېتىۋېلىپ، ئۇيغۇرنىڭ مىللەت كىملىكىنىڭ يوقۇلۇپ كەتمەسلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئۇيغۇرنىڭ ئىلغار

زىيالىيلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇپ چىقتى.ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، دىنى ئېتىقادىنى قوغداشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىششىنى كۈچەيتىشكە، يېڭىلا سىرتقا چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىشىغا، ئۇيغۇر ئۆيىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنى دائىم تەكىتلىدى.

17- رابىيە قادىر،ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى تىنچ يول بىلەن ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، خىتاي بىلەن دىئالوگ قۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلدى.

19- رابىيە قادىر7 يىل جەريانىدا تەخمىنەن 17 قېتىم ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتى دەپسەندە قىلغان ئۇيغۇر كىشىلىك خاتىرىسىنى، دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىغا ئاشكارىلىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش 2012-يىلى 7-ئاينىڭ 25 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئېلىپ بېرىلدى.

20- ئەرەپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەشۋىقات -مەتبۇئات ۋاستىلىرىدا، ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرىدىغان پىروگراممىنىڭ بېرىدە 2012 -يىلى7 -ئاينىڭ 31-كۈنى ئەتىگەندە قاتارنىڭ" ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيە" قانىلىدا ئۇيغۇر مىللى ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم تونۇشتۇرۇلدى. بۇ پىروگراممىنىڭ ۋاقتى 1 سائەتتىن ئارتۇق بولدى. بۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك بىر ئىش بولدى.

21 -رابىيە قادىر خانىم 2012-يىلىدىكى "خەلقئارادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك 500مۇسۇلمان" نىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ، شۇ سانىنىڭ ئىچىدە 49 - مەرتىۋىگە قويۇلدى. بۇمۇ ھەم ئىنتايىن ئۇلۇغ بىر ئىش بولدى.

22 - ئۇيغۇر مىللى ھەرىكىتى رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم، 2013-يىلى1 -ئاينىڭ 17-كۈنى ئامېرىكىنىڭ" خەلقئارالىق ئەركىنلىك مۇكاپاتى"غا ئېرىشتى. بۇ مۇكاپاتنىڭ بېرىلىشى ئەلىيۇل ئەلالىق ئۆستىگە يەنە بىر قېتىملىق دەنا غەلبە بولدى. جەئى6 قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

رابىيە قادىرنىڭ ئائىلە ئەھۋالى توۋەندىكىچە:

1) رابىيە قادىرنىڭ ئۆمۈرلىكى سىدىقھاجى روزىنىڭ دادىسى روزى قارى، زومگەر پومشچىك ئايرىلىپ،1952 -11-ئايدىن1955 -يىلى11 - ئايغىچە خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى، بەلكى شۇ ئايدا تۈرمىدىن روزى قارىنىڭ تىرىكى ئەمەس جەسىدى يېنىپ چىقتى.

2)سىدىقھاجى روزى،1968 -يىلى ئۈرۈمچىدە، "خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى"نىڭ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە مەسئۇل رەھبىرى بولۇپ،3 - باتالىيون ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى" مىللەتچى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، 1969-يىلى1 -ئاينىڭ 17 -كۈندىن 1977-يىلى 10-ئايغىچە خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن تۈرمىسىدە ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە 8يىل 9-ئاي ھەپسىدە ياتتى.

3)رابىيە قادىر، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزىغا گېزىت ماتېرىياللىرىنى يوللاپ بىرىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىن ئۈرۈمچىگە يىتىپ كەلگەن مېھمانلار نىڭ تەكلىپى بويىچە كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىغا كېتىۋېتىپ قولغا ئېلىنىپ، 1999 - يىلى8 -ئاينىڭ11 1-كۈندىن 2005 -يىلى 3 -ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە 5يېرىم يىل خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن، باجىياخۇ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.

4) ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىم 2006-يىلى-11 ئاينىڭ 26-كۈنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن7 يىللىق قاماق جازاسىسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

5)ئوغلىمىز ئابلىكىم ئابدۇرېھىم خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قانۇنسىز ئەدلىيىسى تەرىپىدىن تور بېتىگە ماقالە يېزىپ مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇچى جىنايىتى ئارتىلىپ 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ھازىر تۈرمىدە ھەپسىدە. بۇنىڭدىن بۇرۇن 1999 -يىلى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىم، ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن بىرلا ۋاقىتتا قولغا

ئېلىنىپ3 يىللىق" لاۋجاۋ"غا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىپ 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.
6)ئوغلىمىز قاھار ئابدۇرېھىم2006 -يىلى6 -ئاينىڭ1 - كۈندىن12 - ئاينىڭ1 -كۈنىگىچە يېرىم يىل خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.
7)رابىيە قادىر 2013-يىلى4 -ئاينىڭ20 -كۈندىن 26 -كۈنىگىچە فرانسىيىنىڭ فارىژ شەھرىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان، تەسىرى بار، بىلىملىك ئەخلاقلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خەلقئارا قۇرۇلتايغا چاقىرىپ، تۇنجى قېتىم " دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى بىرلىكى"نى قۇرۇپ چىقتى.
سىدىقھاجى روزى بىلەن رابىيە قادىر ئائىلىسى ئىلگىرى -كېيىن بولۇپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن سىياسى جىنايەت، ئۇيغۇر ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۇيغۇر ئۈچۈن مىللەتچىلىك قىلىپ، 37يىل خىتاينىڭ قولىدا ھەپسىدە ياتتى.
2013-يىلى 7 ئاينىڭ 11-كۈنى. ۋاشىنگتون

**پۇل – مۇئامىلە ئىسلاھاتى**

2006 – يىلى 3 – ئاينىڭ 23 – كۈنى

جۇڭگونىڭ ۋەزىرى ۋىن جىاباۋ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن قۇرۇلتايغا دوكلات بەرگەندە پۇل – مۇئامىلە ئىسلاھاتى توغرىسىدا سەككىز قېتىم توختالدى.
خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تۆت تەرەپلىك نىشان بويىچە پۇل – مۇئامىلە ساھەسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بارماقچى بولدى. بانكا ۋە باشقا پۇل – مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى، كاپىتال بازىرىنىڭ تەرەققىياتى، يېزا پۇل – مۇئامىلە ئىسلاھاتى، پۇل – مۇئامىلە ئورگانلىرىنى تەرتىپكە سېلىش فونكسىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك بولدى ۋەھاكازا .
بىراق، خىتاي دۆلىتىنىڭ پۇل – مۇئامىلە ئىسلاھاتى ئۈچ تەرەپلىك قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى.
1. ئىچكى – تاشقى مۇناسىۋەتلەردە خىتاي پۇلىنىڭ كۇرسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا خەلقئارا بېسىمغا، ئىچكى جەھەتتە چەت ئەللەرگە تايىنىپ ئېلىشنىڭ ئۆرلەپ بېرىشى، خىتاي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ياكى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچى زادى قانچىلىك دېگەن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى.
2 . خىتاينىڭ كۆچمەس مۈلۈككە سالىدىغان مەبلىغى كۈنسايىن كۆپىيىشكە باشلىغاندا، ئېشىندى مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا بازار تاپالمىغاندا، خىتاينىڭ پۇل – مۇئامىلە سىستېمىسى سېلىنغان مەبلەغنىڭ تەتۈر بېسىمغا دۇچ كەلدى.
3 . ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىق ئاپەت پايدا مۇناسىۋەتلىرىنى قانداق تەرتىپكە سېلىشقا مەركەزلەشتى. ھەرقانداق ئىسلاھات پايدا – زىيان مۇناسىۋەتلىرىگە بېرىپ تاقىلاتتى. پۇل – مۇئامىلە سىستېمىسى ئاۋۋال جۇڭگودا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنى قوغدىغان بولسا، كېيىن خەلق ئەنىلىكىدىكى شىركەتلەرنى يۆلىگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە، جۇڭگودا

پۇل – مۇئامىلە سىستېمىسى پۈتۈن جەمئىيەتكە پۇقرالارغا يۈزلىنىشقە مەجبۇر بولۇپ قالدى.
جۇڭگەودا پۇل – مۇئامىلە سىستېمىسى ئىچكى – تاشقى جەھەتتە ياكى يۇقىرىدىن – تۆۋەنگىچە خىلمۇخىل، مۇرەككەپ زىددىيەتلىك پايدا – زىيان مۇناسىۋەتلىرىگە دۇچ كەلگەندە ھەرخىل پايدا – زىيان تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىش قىيىن ئۈستىگە قىيىن بولۇپ قالدى.
پۇل كۇرسى ۋە ئۆسۈم پىرسەنتى مۇقىملىق ئىچىدە ئۆزگىرىشنى تەلەپ قىلغاندا، بۇ يىل خىتاي مۇستەملىكچىلىرى پۇل – مۇئامىلە ئىسلاھاتىنى يېزىلارغا قارىتىپ ئاتالمىش «يېڭى يېزا» قۇرۇپ چىقماقچى بولدى. يېزىلاردا پۇل – مۇئامىلە سىستېمىسىدا يېڭىلىق ياراتماقچى بولدى ۋە يېزا پۇل – مۇئامىلە سىستېمىسىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقماقچى بولدى. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟
خىتاي مۇستەملىكچىلىرى پۇل – مۇئامىلە ئىشلىرىنى يېزىلاردا سىستېمىلاشتۇرۇش نامى ئاستىدا ئېكسپولاتاتسىيە قىلىشنى يەنە يېزىلارغا قاراتماقچى دېگەن سۆز. ئىقتىسادى زۇلۇمنى يەنە يېزىلارغا قاراتماقچى دېگەنسۆز. بەلكى سىياسەت خاراكتېرلىك قاراتماقچى. بىز يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەر مەھسۇلاتلىرىغا بازارى تاپالمىدى، دېگەن ئىدۇق. دۆلەت بۇ شىركەتلەردىن پايدا ئالالمىغاندا پايدا ئېلىش مەخسەتلىرىنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئېيتىلغان مەھسۇلاتلارنى يېزىلارغا مەجبۇرلاپ سېتىش كېرەكتە؛
مەسىلەن: يېڭى يېزا قۇرۇش – يېڭى ئۆي سېلىش خۇمداندا پىشۇرۇلغان كېسەك – خىشلارنى، پولات – تۆمۈر زاۋۇتلىرى ئىشلەپچىقارغان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى يەنە باشقا بېسىلىپ قالغان يېڭى يېزا قۇرۇشقا ئىشلىتىشكە بولىدىغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى يېزىلارغا ئېلىپ بېرىپ دېھقانلارغا مەجبۇرلاپ سېتىشقا بولىدۇ.

ئامانەت قەرز كوپىراتىپلىرى دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىسلەر ئۇيغۇر دېھقانلىرى؛

يېزىلاردا قۇرۇلغان ئامانەت قەرز كوپىراتىپلىرى خىتاي بانكا سىستېمىسىنىڭ يېزىلاردا دېھقانلارنى ئېكسپولاتاتسىيە قىلىشنىڭ قورالى ئىدى. بۇ كوپىراتىپلار ھەر يىلى كۈزدە بىر قېتىم، ئەتىيازدا بىر قېتىم ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا قەرز تارقىتىدۇ. قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى بار ياكى قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى يوق دېھقانلار ئوخشاشلا قەرز كوپىراتىپلىرى قاقتى – سوقتى قىلىدىغان ئوبيېكتىپ بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بىراق، ئامانەت قەرز كوپىراتىپلىرى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا نەخ پۇل قەرز بەرمەيدۇ، خىمىيۋى ئوغۇتنى مانچە پۇل ھېسابلاپ ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا تارقىتىپ بېرىدۇ. نەخ پۇل خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلەيدىغان خىتاي زاۋۇتلىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ. قەرز كوپىراتىپلىرى دېھقان پۇستانىغا مانچە پۇل قەرز بېرىلدى دەپ، دەپتىرىگە يېزىۋېرىدۇ .

سىچۇەنلىك خىتايلار توقۇغان سېۋەت، توكاڭ، خېنەنلىك خىتايلار ياسىغان گۈرجەك سېپى، كەكە سېپى، خۇنەنلىك خىتايلار باغلىغان سۈپۈرگە، سۆرەم – بۇ قۇسا ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا مەجبۇرى تېڭىلىدۇ. ئامانەت قەرز كوپىراتىپلىرى خىتاي ياسىغان قول – سانائەت بۇيۇملىرىنى ئەمدىلىكتە يېڭى يېزا قۇرۇشقا كېرەكلىك بولغان خىلمۇخىل سانائەت ماتېرىياللىرىنى زاۋۇت خوجايىنلىرىغا نەخ پۇلغا ئايلاندۇرۇپ بېرىپ، بانكىنىڭ ھېسابات دەپتىرىگە پالانى ئۇيغۇر دېھقانغا مانچە پۇل قەرز بېرىلدى دەپ، يېزىپ قويىدۇ. ۋاقىت توشقاندا ئامانەت قەرز كوپىراتىپى ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن ئۆسۈم بىلەن دېرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

نەخ پۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا قەرز بېرىلمىدى، نەخ پۇل تاۋار ئالماشتۇرۇش ئوبروتىغا قاتناشمىدى. قەيەردىن كەلگەن ئۆسۈم بۇ؟ كەتمەن سېپى، سۈپۈرگىنى قەرزەە ھېسابلاب قەرز كوپىراتىپلىرى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا قەرز بەرگەن تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇيغۇر دېھقانلىرى قەرز قايتۇرغاندا ئۆسۈم بىلەن قەرز قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ؟

يېزىلاردىكى ئامانەت قەرىز كوپېراتىپلىرى قايسى دېھقان قانچە قوي باقتى، قايسى دېھقان قانچە توخۇ باقتى ھېسابلاپ تۇرىدۇ. ئۇ دېھقانغا قەرىز بېرىدۇ، جىرىم – كۆچەت سېتىۋېلىپ بىر تامچە سۇ يوق قاقاس چۆلگە كۆچەت قويۇشقا مەجبۇرلايدۇ. دېھقان بىكاردىن – بىكار ئامانەت قەرىز كوپېراتىپىغا قەرىزدار بولۇپ قالىدۇ، دېھقاننىڭ باققان قويلىرىنى، توخۇلىرىنى سېتىشقا مەجبۇرلايدۇ، ياكى ئامانەت قەرز كوپېراتىپى مۇسادىرە قىلىدۇ. خوتەندە پىلە باققان ئۇيغۇر دېھقانلىرى سىجۋەندە توقۇلغان سېۋەتنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان ئەمەسمىدى؟
ئۇيغۇر دېھقانلىرى كەتمەن سېپى، گۈرجەك سېپى ياسىيالمايتتىمۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرى سۇپۇرگە باغلىيالمامتى، سېۋەت توقۇيالمامتى، بۇ زادى نېمە، قانداق شەكىللىك مىللى زۇلۇم، يەنە قانداق شەكىللىك سىياسى، ئىقتىسادى زۇلۇم، بۇ؟
بىڭتۈەننىڭ خىتايلىرى نېمىشقا مائاشقا ئىشلەيدۇ؟ ئۇيغۇر دېھقانلىرى نېمىشقا ئامانەت قەرىز كوپېراتىپلىرىغا قەرىزدار بولۇپ قالىدۇ؟ پۇل – مۇئامىلە سىستېمىسىنى يېزىلارغا يۆتكىمەكچى بولغان خىتاي مۇستەملىكچىلىرى دېھقانلارغا يەنە قانداق زۇلۇم سالار؟

**پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھالاكىتى**

2006 – يىلى 3 – ئاينىڭ 27 – كۈنى

2 – ئاينىڭ 3 – كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە چاقىرىلغان ئاھالە ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت يىغىنىدا ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرىتارى ۋاڭ بەكرى «ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك چەكلەش ئىنتايىن مۇھىم»، «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ئىلمى تەرەققىيات كۆزقارىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك» دېدى ئاغزىغا كەلگەننى بوغىزىغا يۇتمىدى.
ۋاڭ بەكرى يەنە بىر پەرزەنت كۆرۈش شەرەپلىك گۇۋاھنامىسى ئالغانلار ۋە «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپلىك گۇۋاھنامىسى» ئالغان ئائىلىلەر 9 – 5

يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىدا 560 مىڭ 440 ئائىلىدىن، 10 – 5 يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە 820 مىڭ 640 ئائىلىگە كۆپەيدى، <پىلانلىق تۇغۇت شەرەپلىك> گۇۋاھنامىسى ئالغان چارۋىچى، دېھقانلار ئائىلىسى شىددەت بىلەن كۆپىيىش ۋەزىيىتىنى ياراتتى، دېدى. ئاپتونوم رايوندا ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش، كۆپ پەرزەنت كۆرگەنلەرنى جازالاشنى يېتەكچى قىلىش ئەمدى ئاز پەرزەنت كۆرگەنلەرنى مۇكاپاتلاش ئۇسۇلىغا ئۆزگەردى دەپ بىلجىرلىدى ۋاڭ بەكرى.

كۆپ پەرزەنت كۆرگەنلەرنى جازالاش ھازىرمۇ ۋاڭ دارىن، ۋاڭ بەكرىلەرنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى بولۇپ كەلدى. جەرىمانە قويۇش، ئائىلە مال – بىساتىنى مۇسادىرە قىلىش، ئېكىنزارلىرىغا سۇ بەرمەسلىك، ھەقسىز ھاشاغا ھايداش، رېجىم ئاستىغا ئېلىش، تۇغۇتلۇق جۇگانلارنى ئۇستەل ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قوپال ئوپېراتسىيە قىلىش قاتارلىق جازالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى، شەھەر ئاھالىلىرىنى جازالاش 21 – ئەسىردە خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر مىللىتىنى ئېتنىك تازىلاشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى بولۇپ قالدى.

1776 – يىلى 7 – ئاينىڭ 4 – كۈنى ئېلان قىلغان ئامېرىكىنىڭ <مۇستەقىللىق خىتاپنامىسى>دا، <ئادەملەر تۇغۇلۇش بىلەنلا باراۋەر، ئۇلار ياراتقۇچى تەرىپىدىن باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ھوقۇقلارغا جۈملىدىن ھاياتلىق ھوقۇقى؛ ئەركىنلىك ھوقۇقى؛ بەخت قوغلىشىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن> دەپ قەيت قىلىنغان. <مۇستەقىللىق خىتاپنامىسى>نىڭ بۇنداق مەزمۇنى كېيىنكى چاغلاردا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىلىرىنىڭ، كىشىلىك ھوقۇق نىزامنامىلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئايلانغان ئىدى.

تۇغۇلۇش، ئۆلۈش ئاللاھنىڭ يارىتىشى ۋە تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىدۇر. ئەمما تۇغۇلماي تۇرۇپ ئانىنىڭ قوسىقىدا ئۆلتۈرۈلۈش ياكى خىتاي

كۆچمەنلىرىنىڭ ئانىنىڭ قوسىقىدىكى ھامىلىنى تۇرلۇك يوللار بىلەن ئۆلتۈرۈشى بۇ قاتىللىقتۇر.

بەخت قوغلىشىش ھوقۇقى دېگەنلىك، ئۆي – ئوچاقلىق بولۇش پەرزەنت كۆرۈش، تەربىيلەش، جەمئىيەتكە قوشۇلۇش، ماددى پاراۋانلىق ۋە مەنىۋى پاراغەت يارىتىش ۋە ئېرىشىش دېگەنلىكتۇر. بەلكى بۇ ھوقۇقلار ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئىنسانلارغا بېرىلگەن تەبئى ھوقۇقلاردۇر. ئۇيغۇر ئادەملەر بۈگۈن بۇ ھوقۇقلاردىن تامامەن مەھرۇم بولدى. ئۇيغۇر ئادەملەرنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ھوقۇقى خىتاي كۆچمەنلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى. ئۇيغۇر ئادەملەرنىڭ بەخت قوغلىشىش ھوقۇقلىرى خىتاي كۆچمەنلىرى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىندى.

خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇيغۇرىستانغا توختىماي كۆچۈپ كىرىدۇ. ۋاڭ دارىن، ۋاڭ بەكرىلەر نېمىشقا چەكلىمەيدۇ، ئوپېراتسىيە قىلىپ ھامىلىنى ئېلىۋېتىدۇ، دورا ئىچكۈزۈپ ئېغىرياغ ئاياللارنى بويىدىن ئاجرىتىۋېتىدۇ، توي قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇل – قىزلىرىنى توختامغا قول قويدۇرىدۇ. ئاۋۋىلىدە ئۇيغۇرلارنى سىنپى كۈرەش بىلەن يوقاتتى. بىنىدە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن يوقاتتى. ئەمدىلىكتە ئاتالمىش تېررورىستلارغا، مىللى بۆلگۈنچىلەرگە، دىنى رادىكالىستلارغا قارشى تۇرۇش، ئۆلۈم جازاسى بېرىش، مۇددەتلىك، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش بىلەن يوقۇتىۋاتىدۇ، پىلانلىق تۇغۇت نامىدا ئېتنىك تازىلاش بىلەن يوقۇتىۋاتىدۇ.

ھەي! ئۇيغۇر ئادەملەر سىلەرگە زادى نېمە بولدى؟ نېمىشقا خىتايغا قول ياندۇرمايسىلەر، نېمىشقا خىتايغا زۇلۇمغا زۇلۇم سېلىش بىلەن جاۋاب قايتۇرمايسىلەر؟ سىلەر، ئۇيغۇر ئادەملەر خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئالدىدا گۇناھكارمۇ ياكى ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكارمۇ؟ ياراتقۇچى سىلەر، ئۇيغۇر بەندىلەرگە تارقۇق قىلغان ھوقۇقلار قېنى، قورقسا ئادەم ئاللاھتىن قورقىشى كېرەك بەندىدىن قورقماسلىقى لازىم!

<ئەگەر ئاھالىنىڭ سان بويىچە كۆپىيىشىنى تىزگىنلىيەلمىسەك ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىلىرى ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىدىن تۈۋەن بولىدۇ> دەپ، ۋالاقشىدى ۋاڭ بەكرى.

ئىقتىسادى مەسىلە ئەمەلىيەتتە ھوقۇقى سىياسى مەسىلىمۇ ياكى ئاھالىنىڭ ئاز كۆپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىمۇ ۋاڭ بەكرى ئەپەندى؟

خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇيغۇرىستانغا كىرىپ بولدى، ۋەتەننىڭ ئىگىسى ئۇيغۇرلار كۈندىن – كۈنگە نامراتلاشتى. خىتاي كۆچمەنلىرى دەسلەپتە ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە ئەسكەرلەرنى بېقىش ئۈچۈن ئەمگەك كۈچى كېرەك بولاتتى. شۇڭا سىنىپى كۈرەش بىلەن قورقۇتۇپ ئۇيغۇرلارنى قۇل بولۇشقا كۆندۈردى. ئەمدى خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇيغۇرىستانغا يەرلەشكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئەمدى ئەمگەك كۈچى ئورنىدا كېرەك بولماي قالدى. ئۆلتۈرۈش ئۇيغۇرلارنى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئارقىلىق ئۆلتۈرۈش زۆرۈر بولدى.

1987 – يىلىدىن ھازىرغىچە قانچىلىغان نارەسىدىلەر كەم تۇغۇلدى، قانچىلىغان نارەسىدىلەر ۋە ئېغىرياغ جۇگانلار ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدە ئۆلتۈرۈلدى. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ كاساپىتى تۈپەيلى قانچىلىغان ئۇيغۇر ئائىللەر خانۇ – ۋەيران بولدى، ھېسابلاب چىقماق تەس. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئارقىلىق خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە ھالاك قىلىش خىياللىرى بۈگۈنكى كۈندە خىتاينىڭ دۆلەت سىياسىتىگە ئايلاندى.

**چەت ئەل كاپىتالى ۋە خىتاينىڭ ئىسلاھاتى**

2006 – يىلى 3 – ئاينىڭ 30 – كۈنى

يېقىندىن بېرى جۇڭگو بازىرى چەت ئەل شىركەتلىرىگە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئېچىۋېتىلدى. بىراق، ئېكسپورت، ئىمپورت سودىسى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش، توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى.

چەت ئەل مەبلىغىنى داۋاملىق جەلپ قىلىش ۋە جۇڭگونىڭ بازىرىنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش جۇڭگودا كەسكىن مۇنازىرە پەيدا قىلدى. چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ جۇڭگودا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ سېتىۋېلىش دولقۇنى قوزغالغاندا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزئارا مۇنازىرىسى ئەسەبىيلەشتى.
چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش كۆنسايىن ئېغىرلاشتى. چەت ئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش جەھەتتە ئامېرىكىغا سېلىشتۇرغاندا جۇڭگونىڭ ئامېرىكىدىن پەرقى بولماي قالدى. چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىشى، مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلى، مەبلەغ سېلىش ساھەلىرى ۋە ئىستراتېگىيىلىك مەبلەغ سېلىش جەھەتلەردە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى.
دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەرىپى شۇكى، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مۇستەقىل تاللاش ھوقۇقى جۇڭگودا ئاساسى ئېقىمغا ئايلاندى. خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ سېتىۋېلىش ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرگە كۆپلەپ مەبلەغ سېلىش كۈندىن – كۈنگە ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئايلاندى.
چەت ئەل شىركەتلەرنىڭ خىتاي شىركەتلىرنى بىرلەشتۈرۈپ سېتىۋېلىشى، جۇڭەودا بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە <يامان غەرەزلىك بىرلەشتۈرۈپ سېتىۋېلىش> دەپ قارالدى.
جۇڭگودا باشلامچى شىركەتلەر دەپ، ئاتالغان شىركەتلەرنى چەت ئەل سودىگەرلىرى بىرلەشتۈرۈپ سېتىۋالغاندىن كېيىن، شىركەتلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ھەتتا تارماق شىركەتلەرنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋېلىپ بۇ شىركەتلەر يۈزلەنگەن بازارنى ھەم تىزگىنلىدى. ئەسلىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنى باشقۇرىدىغان مۇستەملىكچى پارتىيە يېتەكچىلىرى، شىركەتنىڭ سېكرېتارلىرى بىر قولىدا ئېغىزىنى بىر قولىدا سوڭگىچىنى تۇتۇپ قالدى. سېتىۋېلىنغان، خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلىرى تاۋار

مەھسۇلاتلىرىنى تاللاپ ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقىدىن، تاۋار ئالماشتۇرۇش ھوقۇقىدىن، ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولدى.

چەت ئەل شىركەتلىرى جۇڭگودا مۇلازىمەت خاراكتېرلىك شىركەتلەرنى سېتىۋالغاندىن باشقا، ئېغىر سانائەت شىركەتلىرىنىمۇ بىرلەشتۈرۈپ سېتىۋېلىشقا باشلىغاندا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ئاساسىنى تەۋرەتتى، دېگەن پىتنە – پاساتلار ئوتتۇرىغا چىققاندا، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تېخىمۇ قوزغاپ مۇنازىرە كەسكىنلەشكەن، مۇنازىرە ئىلىم ساھەسى، كەسپى ساھەلەردىن ھالقىپ جەمئىيەتتە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇنازىرە پەيدا بولدى.

چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ خىتاي شىركەتلىرىنى <يامان غەرەزلىك بىرلەشتۈرۈپ سېتىۋېلىشى>غا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەر؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەر ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ئىجادى يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىدىن، رىقابەت ئىقتىدارىدىن، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىدىن تامام مەھرۇم بولدى، دېيىشتى. باشلامچى خاراكتېرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەر غايىپ بولۇپ، چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بازىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ ماناپول خاراكتېرلىك ھەرىكەتلىرى، جۇڭگو شىركەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ سېتىۋېلىش غەرىزى، <سودا – تىجارەت خاراكتېرىدىن ھالقىپ ناھايىتى ئېنىق، نىشانلىق ئىستراتېگىيىلىك مەخسەتلىرى قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ قالدى> دېيىشتى.

خىتاي شىركەتلىرىنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىشى، ئېغىر سانائەتنىڭ، يېنىك سانائەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بېرىپ تاقىلىپ، جۇڭگولۇقنىڭ نەزىرىدە دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتتى. ھەتتا قىزىغى شۇ يەردىكى، ھەربىي سانائەت تارماقلىرىمۇ چەت ئەل سودىگەرلىرى

تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ جۇڭگونىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى.

جۇڭگو بازىرىنىڭ تەدرىجى ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، نۆۋەتتە چەت ئەل سودىگەرلىرى سېتىۋالىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرى، ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش ساھەلىرىگە، ئەڭ مۇھىمى پۇل مۇئامىلە، يېڭى تېخنىكا ساھەلىرىگە كېڭىيىشكە باشلىدى. شۇڭا جۇڭگەودا مۇنازىرە قوزغالدى. شۇڭا ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياستىدىن گۇمان قىلىدىغان كىشلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. بىراق، جۇڭگولۇقلار چۈشەندىكى ئىسلاھاتنى تەتۈرىگە ياندۇرۇش ئەمدى مۇمكىن بولمايدىغان بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئىشكىنى داۋاملىق ئېچىۋېتىش، جۇڭگونىڭ بازىرىنى چەت ئەل سودىگەرلىرىگە داۋاملىق ئېچىپ بېرىش بىردىنبىر تاللاش بولۇپ قالدى.

مەن ئىسلاھات ھەرىكتىنىڭ جۇڭگو جەمئىيتىدە بۇ تىپلىق نەتىجە ھاسىل قىلىشنى بۇرۇنلا كۆرۈپ يەتكەن ئىدىم، دېسەم مۇبالىغە بولىدۇ. ئەمما، بۈگۈن ئىسلاھات جۇڭگودا پەيدا قىلغان مۇقەررەر ئاقىۋەتنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. 1945 – يىلى جۇڭگونىڭ مىللى بۇرژۇئازىيىسى دەللار بۇرژۇئازىيىگە ئايلىنىپ قالغان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتۋازلىرىمۇ دەللار سىياسەتۋازلارغا ئايلىنىپ قالغانتى. بۈگۈن جۇڭگودا قىزىل بايراقلىق كاپىتالىستلارمۇ دەللار بۇرژۇئازىيىگە، جۇڭنەنخەيىنىڭ سىياسەتۋازلىرى كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغۇچى دەللار سىياسەتۋازلارغا ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى، جۇڭگودا دۆلەتنىڭ 75% ئىقتىسادى چەت ئەللىك مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى، خۇجىنتاۋ ئەپەندى دىققەت! ساقچى قوشۇنلىرىغا، ھەربىي كۈچكە، ئىچكى ئىشلارنى نازارەت قىلغۇچى جاسۇسلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بىر ئىمپېرىيىنى باشقۇرۇش ئاسان ئىش. بىراق، ئىقتىسادقا باغلىق بىر ئىمپېرىيىنى ساقلاپ قېلىش ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس. جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئىقتىسادى ئەھۋالى خىتاينىڭ كەلگۈسى

سىياسىتىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي مۇساپىرلىرى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە.

**خۇجەنتاۋ، ۋاڭ دارىن ئەپەندىلەر قانداق ئويلايدۇ**

2006 – يىلى 4 – ئاينىڭ 6 – كۈنى

<دۇنيا گېزىتى> 4 – ئاينىڭ 1 – كۈنى ئامېرىكا، ياپونىيە، تاشقى مۇڭغۇلىيە دۆلەتلىرى بىرلىشىپ مۇڭغۇلىيە تۈزلەڭلىكىدە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزىدىغانلىقى، بىرلەشمە مانېۋىرغا يەنە 18 دۆلەت قاتنىشىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقاتتى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن 1997 – يىلى 7 – ئاينىڭ 10 – كۈنى <خەلق گېزىتى>نىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى دىڭ گاڭ ئەپەندى: <ناتو جۇڭگو چېگراسىغا قاپساپ كېلەرمۇ؟> سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ ھېس قىلغان تەھدىتىنى مۇنداق شەرھلىگەن ئىدى. <ناتو ئورال تېغى ۋە كاسپىي دېڭىزىدىن ھالقىپ ئۆز پاسلىنى جۇڭگو چېگراسىغا سۇرۇپ كېلەرمۇ؟... جۇغراپىيىدىن ئازراق ساۋاتى بارلىكى ئادەم بۇ خەۋپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ناتوغا ئەزا بولۇپ كىرسە ۋە ناتو روسىيىنى ئەزالىققا ماقۇل كەلتۈرەلىسىلا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بارلىقىنى چۈشۈنۈۋالالايدۇ.

1996 – يىلىنىڭ بېشىدا ئامېرىكىنىڭ ناتودا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى مەخسۇس ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە بېرىپ قىرغىزىستاندا <ھەربىي بازا قۇرۇش توغرىسىدا ئىزدەنگەن> دېگەن.

دىڭ گاڭنىڭ دېگىنى توغرا بولۇپ چىقتى. ئامېرىكا تۈنۈگۈنلا قىرغىزىستاندا ھەربىي بازا قۇردى.

<بۇ يىل 9 – ئايدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ زور كىشىلىك قوشۇنى تۇنجى قېتىم قازاقىستانغا كىرىپ قازاقىستان ئارمىيىسى بىلەن بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزمەكچى> دېگەن ئىدى، دىڭ گاڭ.

دېگەندەكلا 1997 – يىلى 9 – ئاينىڭ 15 – كۈنى ئامېرىكا باشچىلىقىدا سەككىز دۆلەت ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى.
روسىيە خىتاي يەنە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىرلىشىپ 2003 – يىلى 8 – ئاينىڭ 9 – 10 – كۈنلىرى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزگەنلىكىگە جاۋابەن قارشى ئىنكاس قايتۇردى. قارىغاندا ئويلىمىغان يەردىن مۇخبىر دىڭ گاڭنىڭ پەرەزلىرى راست بولۇپ چىقتى. ناتو ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ ئاتالمىش جۇڭگو چېگراسىغا قىستاپ كەلدى. روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ناتوغا ئەزالىققا قوبۇل قىلماي تۇرۇپلا جۇڭگونىڭ ئاتالمىش دۆلەت پاسلىغا قىستاپ كەلدى.
2003 – يىلى 8 – ئاينىڭ 12 – كۈنى ناتو ئافغانىستاندا تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا، خىتاي گېزىتلىرى: بۇ ئىش ناتونىڭ 54 يىلدىن بېرى ياۋروپانىڭ سىرتىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى ھېسابلىنىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.
دىڭ گاڭ ئەپەندى ماقالىسىدا: <ئامېرىكا تاشقى مۇڭغۇلىيىسىنى 1994 – يىلى تىنچ ئوكيان باش شتابىنىڭ <ھەربىي ئىستراتېگىيە ئىتتىپاقى سىستېمىسى>غا رەسمى قوبۇل قىلىپ 1995 – يىلى (ئامېرىكا، مۇڭغۇلىيە مۇداپىئە ھەمكارلىق كېلىشىمى) ئىمزالىدى، دېگەن. دېگەندەكلا ئامېرىكا 2003 – يىلى 9 – ئاينىڭ 17 – كۈنى مۇڭغۇلىيە ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ <خان – 03> بەلگىلىك ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى.
خىتاي تىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان گېزىتلەر ئامېرىكا بىلەن تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ ھەربىي ھەمكارلىقى ۋاشىنگىتوننىڭ يېڭى ئاسىيا ھەربىي ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەخسەت قىلىدۇ، دېيىشكەن.
مۇخبىر دىڭ گاڭ ئەپەندى ماقالىسىدا: <ئامېرىكا بىلەن ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا شۇنچىلىك بۆلۈپ كېتىشىدە ئىستراتېگىيە جەھەتتىن

ئىران بىلەن ئىراقنى تىزگىنلەشكە پايدىلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇلار ئۈچۈن غايەت چوڭ بازار، ئۇلار بۇ رايوننىڭ نېفىت، تەبىئى گاز ۋە باشقا مول تەبىئى بايلىق زاپىسىنىمۇ كۆزلىمەكتە> دەپ، كۆرسەتكەن.

دىڭ گاڭ ئەپەندى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە <ئامېرىكا دۆلەت خەۋپسىزلىكى مەسلىھەتچىسى بوجى، بۇ ھەقتە تەكىتلەپ، ۋاشىنگتۇننىڭ مەخسىتى كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرىغا قاتنىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت دېگەن ئىدى> دەپ كۆرسەتكەن. ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى. ۋاشىنگتۇن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش قەدىمىنى تېزلەتتى. ئامېرىكا ئافغانىستاندا ھەربىي بازا قۇرۇپ تېررورىستلارغا زەربە بېرىش قەدىمىنىمۇ تېزلەتتى.

مۇخبىر دىڭ گاڭ : <1997 – يىلى 5 – ئاينىڭ 27 – كۈنى روسىيە پرېزىدېنتى يېلتسىن ناتوغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن پارىژدا، ناتو بىلەن روسىيىنىڭ خەۋپسىزلىك كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. مۇشۇ كېلىشىم بويىچە ناتونىڭ شەرىققە كېڭىيىشىگە داغدام يول ئېچىلدى. دۇنيا جامائەت پىكرى بۇ ئەھۋالنى سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئەڭ زور سىياسى ۋەقە ياۋروپا خەۋپسىزلىك ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى شۇ ۋەقەدىن كېيىن يېڭى دەۋرگە كىرىدۇ. بولۇپمۇ جۇڭگو بىلەن شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلىدىغان تەسىرىمۇ ناھايىتى زور بولىدۇ، دېيىشتى. سىياسى، ئىجتىمائى نۇقتىدىن قارىغاندا بۇ ۋەقە ئېلىمىزنىڭ خەۋپسىزلىككە ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن> دەپ كۆرسەتكەن.

بۈگۈن ھەممە ئىش يۈز بەردى. دىڭ گاڭنىڭ پەرەزلىرى رېئاللىقتا ئايلاندى. ئامېرىكا، ياپونىيە باشچىلىقىدا 18 دۆلەتنىڭ بىرلىشىپ تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ يايلاقلىرىدا ھەربىي مانېۋىر قىلىشى دىڭ گاڭ

ئەنسىرىگەندەك ياۋروپادىكى قۇدرەتلىك ھەربىي ماشىنىنىڭ جۇڭگو چېگراسىغا قاپساپ كەلگەنلىكى بولماي نېمە؟
يېقىنقى ئىككى ئايدىن بېرى ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ئاكتىپلىرىنى باستۇرۇشقا كىرىشىپ كەتكەن ۋاڭ دارىن شۇ تاپتا تاشقى مۇڭغۇلىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەربىي مانېۋىر توغرىسىدا نېمىلەرنى ئويلايدىغاندۇ؛ ئۆتكەن يىلى 8 – ئاينىڭ 14 – كۈنىدىن 25 – كۈنىگىچە روسىيە بىلەن بىرلىشىپ تىنچ ئوكيان – ياپون دېڭىزىدا ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزگەن خۇجىنتاۋ، ئەمدى تاشقى مۇڭغۇلىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي مانېۋىرى توغرىسىدا نېمىلەرنى ئويلايدىغاندۇ؟ بىلمەيمەن. بىراق، ھەممىگە مەلۇمكى، قۇدرەتلىك دۆلەتلەر دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ كەينىدە قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ بولىدۇ. مىللەت ۋە مىللى مەسىلە چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىيە مەسىلىسىدۇر.

**<دېموكراتىيە بولمىسا، زامانىۋىلىشىش بولمايدۇ>**

2006 – يىلى 4 – ئاينىڭ 28 – كۈنى
خىتاينىڭ پارتىيە سېكرېتارى خۇجىنتاۋ، ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، دېموكراتىيە بولمىسا، زامانىۋىلىشىش بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.
جۇڭگولۇقلار بۈگۈن زامانىۋىلاشقان دۆلەت، زامانىۋىلاشقان جەمئىيەتتە ياشاپ تۇرۇپتۇ. بىراق، جۇڭگودا دېموكراتىيە يوق. خۇ جىنتاۋ ئەپەندى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مەنىسىنى زادى قانداق چۈشەنگەندۇ؟ مېنىڭچە خىتاي مىللىتىگە، خىتاي دۆلىتىگە نىسبەتەن ھەقىقەتتىن ئېيتقاندا، خىتاي دۆلىتى خىتاي مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان دۆلەت بولغاچقا دېموكراتىيىنى تولۇق يولغا قويغان دۆلەتتۇر. خىتاي مىللىتى ھەم دېموكراتىيىدىن تولۇق بەھرىمەن

بولغان مىللەتتۇر. بۇ ھەقتە خۇ جىنتاۋ ئەپەندى خاتا ئېيتمىدى. دېموكراتىيە بىلەن زامانىۋىلىشىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا شەرھىلىدى.

ئالايلۇق، ختاي مىللىتى پويىزغا ئولتۇرۇپ مۇستەملىككە ئۇيغۇرستانغا ئىختىيارى كۆچۈپ كىرىشكە ھوقۇقلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى پاناھلىق تىلەپ چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىش ھوقۇقى يوق.

ختاي كۆچمەنلىرى مۇستەملىككە ئۇيغۇرستاندا مۇنبەت ئېكىنزار يەرلەرنى ئىگىلەشكە، سۇ مەنبەئەلىرىنى كونترول قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پارچە يەرنى ئىختىيارى ئىشلىتىش ھوقۇقىمۇ يوق.

ختاي كۆچمەنلىرى غۇلجا شەھىرىدە، قەشقەر شەھىرى ۋە كورلا شەھىرىدە، مۇستەملىككە ئۇيغۇرستاننىڭ ھەرقانداق بىر جايىدا، ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ، ئۆي – ئىمارەتلەرنى چېقىپ ختاي كۆچمەنلىرى ئاھالە رايونى قۇرۇشقا ھوقۇقلۇق. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي – بېساتىنى، مال – مۈلكىنى قوغداش ھوقۇقىمۇ يوق.

ختاي كۆچمەنلىرى مەسىلەن، ۋاڭ دارىن پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلىسىنى قۇرۇتۇش، ئېتنىك تازىلاش ھەرىكىتى ئۇيۇشتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىگۇتۇەننى ياردەمگە چاقىرىشمۇ ھوقۇقلۇق. ئەمما، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك مەۋجۇتلۇقىنى، جىسمانى بىخەتەرلىكىنى قوغداش ھوقۇقى يوق.

مۇستەملىككە ئۇيغۇرستاندا ختاي كۆچمەنلىرى ختاي تىلى مائارىپىنى مەجبۇرى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ختايلاشتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ – ياق! ماڭا ختاي تىلى كېرەك ئەمەس، ئانا تىلىم – ئۇيغۇر تىلىم بار، دېيىش ھوقۇقىمۇ يوق .

ۋاڭ دارىن قانداقتۇر ئۇنداق جىنايەت، مۇنداق جىنايەتلەرنى توقۇپ چىقىپ، مىللى بۆلگۈنچىلەرنى قولغا ئېلىپ ئاددى سىياسى ئامىللار ۋە سىياسى تەلەپلەرنى جىنايەت قىلىپ بېكىتىپ ئۇيغۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ھوقۇقلۇق ياكى ختاي كۆچمەنلىرى ئۇيغۇرلارنى ئىختىيارى ئۆلتۈرۈشكىمۇ ھوقۇقلۇق. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش، يوللۇق

قوغداش، ئۆزلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش، ئۆزلىرىنى ئاقلاش ھوقۇقىمۇ يوق. بۇ قانداق دېموكراتىيە خۇ جىنتاۋ ئەپەندى؟ بۇنداق زامانىۋىلىشىشنى يەنە قانداق چۈشەندۈرىمىز خۇ جىنتاۋ ئەپەندى!

ھەممىمىزگە مەلۇم، 1989 – يىلى تيەنئەنمىندە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى يۈز بەرگەندە خىتاي مۇستەملىكىچىلەر ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مىللىتىنىمۇ باستۇرغان ئىدى.

1997 – يىلى 2 – ئايدا مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستانىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە نامايىش قىلىپ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغان ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ ئارمىيىسى، ساقچى قىسىملىرى قوراللىق باستۇرغاندىن كېيىن قولغا ئېلىنغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى بىر يەرگە توپلاپ ناسۇس بىلەن سۇ چېچىپ توڭلىتىپ ئۆلتۈردى. ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ قانداق شەكلى، بۇ؟ بۇنداق ئۆلتۈرۈشنى ئاز دېگەندەك نامايىشچى ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىپ، سوراق قىلىپ، جىنايەت بېكىتىپ بىرئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، نامايىشقا قاتناشقان ئۇيغۇر يىگىتلەرگە ئۆلۈم جازاسى بەردى. جۇڭگونىڭ قانۇنى قانداق قانۇن؟ خىتاي كۆچمەنلىرىگە ئادەم ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى، ئادەم ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى بېرىلگەندە، ئۇيغۇرلارغا پەقەت ئۆلۈش ھوقۇقى بېرىلگەندە قانۇننىڭ نېمە رولى بولدى؟ خىتاينىڭ غالچىسى ھامىدىن نىياز شۇ چاغدا <قانۇنغا قارىماي باستۇرۇڭلار!> دېگەن ئەمەسمىدى؟ خۇ جىنتاۋ ئەپەندى، بۇ قانداق دېموكراتىيە، بۇ قانداق زامانىۋىلىشىش ئىدى؟

ئىنساننى ئويغا سالىدىغان يەنە بىر تەرەپ شۇكى، تيەنئەنمىن ۋەقەسىدىن كېيىن، گەرچە نامايىشقا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار قولغا ئېلىنغان، سوت قىلىنغان، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بىر خىتاي نامايىشچىغىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىلمىدى. بۇ قانداق دېموكراتىيە خۇ جىنتاۋ ئەپەندى، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر ئەمەسمىدى خۇ جىنتاۋ ئەپەندى؟

چەت ئەللەردە ئاخبارات ۋاستىلىرى ئېلان قىلغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگو دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان ئىمىش. جۇڭگو ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىقتىساد دۆلىتىگە ئايلانغان ئىمىش. جۇڭگو ئىككىنچى دەرىجىلىك نېفىت ئىمپورتىيە ئىستىمال قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى، جۇڭگو تەرەققى قىلدى، زامانىۋىلاشقان دۆلەتكە ئايلاندى، ئالەم كېمىسى قويۇپ بەردى، ھەربىي خىراجەتنى يىلدىن – يىلغا كۆپەيتتى. بۇنداق ئۆزگىرىشنى جۇڭگولۇقلار تىنچ يول بىلەن باش كۆتۈرۈش دەپ ئاتىدى. ئەمەلىيەتتە جۇڭگولۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقارغان سۆڭەكلىرى ھېسابىغا زامانىۋىلاشتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقارغان سۆڭەكلىرى دۇۋىسىگە خىتايچە كاپىتالىستىك تۈزۈمنى قۇرۇپ چىقتى.

**ھىندىستانغا كۆز تىكىشكە باشلىدى**

2006 – يىلى 4 – ئاينىڭ 29 – كۈنى

ئامېرىكىدا سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تور بېتىدە 26 – كۈنى ئېلان قىلىنغان خەۋەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ئىقتىسادى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ سودا – تىجارەتچىلىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ مەبلىغى خۇددى كەلكۈن سۇدەك جۇڭگو جەمئىيىتىگە ئېقىپ كىرىشكە باشلىغان. جەمئىيەتتە ئىقتىسادى ئەركىنلىك، سىياسى ئەركىنلىك كەم بولغانلىقتىن، نەشر ھوقۇقىغا دەخلى – تەرۇز قىلىشتىن پەيدا بولغان سىياسى نارازىلىقنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىقتىسادى كۈچتىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىپ كەلگەن.

جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى مەسىلىلىرىدىن خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلغان نۇرغۇنلىغان ئامېرىكا سودىگەرلىرى ئەمدىلىكتە دىققەت نەزىرىنى بىر قەدەر مۇقىم، دېموكراتىك دۆلەت ھىندىستانغا قاراتتى.

ئامېرىكىدا رەئىس خۇ جىنتاۋنى قارشى ئېلىش ئۆتكەن يىلى ھىندىستاننىڭ پرېزىدېنتىنى قارشى ئېلىشقا سېلىشتۇرغاندا كۈچلۈك

سىلشتۇرما بولۇپ قالدى. ھىندىستاننىڭ پرېزىدېنتى ئۆتكەن يىلى ئامېرىكىدا دۆلەت ئىشلار زىيارىتىگە كەلگەن رەھبەر سۈپىتىدە قارشى ئېلىنغانتى، جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ ئادەتتىكى زىيارەت قىلغۇچى رەھبەر سۈپىتىدە قارشى ئېلىندى.

ئادەتتە كىشىلەر پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستاننى مەخسەتلىك يېنىغا تارتىپ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان جۇڭگونىڭ تەسىرى كۈچىنى چەكلىمەكچى بولغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. مۇتەخەسسىسلەر: ئامېرىكا شىركەتلىرىمۇ شۇنداق ئۇسۇل قوللاندى. چۈنكى، ئامېرىكا شىركەتلىرى جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدىن خاتىرجەم بولالمىدى، دېيىشتى. سودا ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئاسىيا – ياۋروپا گۇرۇھىنىڭ باش دېرىكتورى لەن بوراممېر ئەپەندى: نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ سىياسى سىستېمىسى بەش يىل ياكى ئون يىل بەرداشلىق بېرەلەمدۇ، يوق؟ بۇ، ئېغىر بىر مەسىلە بولۇپ قالدى، دەپ كۆرسەتتى.

مەسىلەن: ماشىنسازلىق زاۋۇتلىرىنى قۇرغۇچى سودىگەرلەر، شىركەتلەر ياكى ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ئۈسكۈنىلىرى ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتلار ۋە شىركەتلەر ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى جۇڭگودا، ھىندىستاندا بازارغا سېلىپلا قالماستىن بەلكى بىر نەچچە يۈز مىليون دوللار ياكى بىر نەچچە مىليارد دوللار سەرپ قىلىپ شۇ دۆلەتلەردە زاۋۇت قۇرۇشنى ئويلايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى مۇقىم بولۇشى كېرەك ئىدى. مۇبادا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدە مۇقىمسىزلىق يۈز بېرىدىكەن، قۇرۇلغان زاۋۇتلارنى خالىغاندا سۆكۈپ چىقىپ كېتىش ياكى سېلىنغان مەبلەغنى، دوللارنى خالىغاندا يۆتكەپ چىقىپ كېتىش ئۇنداق ئاسانغا توختايدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا، جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى پەيدا قىلغان خېيىم – خەتەر كۈنسايىن زورىيىشقا باشلىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ شۇڭا ئامېرىكا شىركەتلىرى، مەبلەغ سېلىشقا دېموكراتىك دۆلەت ھىندىستاننى ئەستايىدىل

ئويلىششقا باشلىدى. ھەتتا جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنى خەتەردىن ساقلىنىش تاكتىكىسىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندۇردى.
ئىسلاھات يولغا قويۇلغان، چەت ئەل شىركەتلىرى مەبلەغ سېلىشقا باشلىغان كۈندىن ھېسابلىغاندا، جۇڭگودا ياۋايى ئەخلاق ۋە ياۋايى مەدەنىيەتنىڭ مۇخلىسلىرى نەشر ھوقۇقىغا دەخلى – تەرۇز قىلىشقا باشلىدى. بۈگۈنكى كۈندە نەشر ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش ھەددىدىن زىيادە ئەۋج ئالدى. بۇنىڭدىن باشقا جۇڭگونىڭ ئىران، سودان، ۋانسۇئېلا قاتارلىق لۈكچەك دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدە كەسكىن تالاش – تارتىش قىلىدىغان مۇھاكىمە سىستېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى.
سىياسەت ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. بۇ ئۇقۇم ماتېرىيالىستلارمۇ، ئىدىيالىستلارمۇ ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان بىر ئۇقۇم ئىدى. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى خەلقئارا ئىقتىسادقا باغلىنىپ قالغاندا، بىراق جۇڭگونىڭ ئىچكى – تاشقى سىياسىتى خەلقئارا سىياسەتنىڭ تەلەپلىرىگە ماسلىشالمىدى. جۇڭگودا مىللى سانائەتنى قانداق راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىلەر ئىچىدىكى مەسىلىگە ئايلىنىپ، نېفىت ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، خەلقئارا جەمئىيەتتە خام نېفىتنىڭ باھاسىنى ئۆرلىتىۋەتتى. ئىقتىساد ساھەسىدىكى كەسكىن خەلقئارالىق رىقابەت جۇڭگونىڭ ئىچكى – تاشقى سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. سىياسى زوراۋانلىقنى بەلگە قىلغان مۇستەبىتىزىملىق سىياسى تۈزۈم، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، ئەركىن بازار سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ بولغان غەرب ئەللىرىنىڭ سىياسى تۈزۈمىگە قارىمۇ –قارشى بولۇپ قالدى. خەلقئارا ئىقتىسادى تەرتىپ، خەلقئارا ئىقتىسادى ھەمكارلىق، سىياسىتى كۆپ مەنبەئەلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىندى. شۇڭا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو جەمئىيىتى ئاچا يولغا كېلىپ قالدى.

**ۋاڭ دارىننىڭ ئىنتىپاقلىشىش مارشىغا باھا**

2006 – يىلى 4 – ئاينىڭ 29 – كۈنى

ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتىنىڭ گوبىرناتورى ۋاڭ دارىن ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاتالمىش مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقى، ئاتالمىش ئارمىيە خەلق ئىنتىپاقلىقى توغرىسىدا مۇنبەرگە چىقىپ ۋالاقلىدى. <ئىنتىپاقلىق مارشى>نىڭ سۆز – ئىبارىسىنى، مەزمۇن، شەكلىنى، پوپوزا – ھەيۋىسىنى ھادىسە ۋە ماھىيەتنى 55 يىلدىن بېرى ئۆزگەرتمىگەن ختاي مۇستەملىكچىلىرى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا ختاي مۇستەملىككە ئاپپاراتىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەملەش، ئۇيغۇر مىللىتىنى مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىشنىڭ ختايچە مەخسەتلىك، ختايچە ماھىيەتلىك سىياسەتنىڭ قانداق ئىجرا قىلىنغانلىقىنى ھازىرغىچە يوشۇرۇپ كەلدى. تەشۋىقات – تەرغىبات ئارقىلىق گېزىت، مەتبۇئات ئارقىلىق ختاي دانالىقىنى ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىق بىلەن بازارغا سالدى. پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئالداش ئۈچۈن داۋاملىق ئالدامچىلىق قىلدى. ختاي ئالدامچىلىقىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەن ئۇيغۇرلار، كىم بىلەن ئىنتىپاقلىشىمىز، دېدى سوئال قويدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ختاي كۆچمەنلىرى بىلەن ئىنتىپاقلىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمىدى؟ ئۇيغۇر مىللىتى تاجاۋۇزچى ختاي ئارمىيىسى بىلەن ئىنتىپاقلىشىشى كېرەكمىدى؟ ئۇيغۇر مىللىتى ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كىرىشكە ماقۇل دېيىشى كېرەكمىدى؟ ئۇيغۇر مىللىتى ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلتۈرۈشكە ماقۇل دېيىشى كېرەكمىدى؟ ئۇيغۇر مىللىتى مۇستەملىكچى ختايلارنىڭ مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇۋالغان مۇستەملىككە ھوقۇق ئاپپاراتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشى لازىممىدى؟ ئۇيغۇر مىللىتى پارىخور، خىيانەتچى ۋاڭ دارىنلار ۋە كۆچمەنلەر ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسى زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرماي سۈكۈت قىلىشى كېرەكمىدى؟

ئۇ كىشى ئۇيغۇر بولىدۇ، بۇ ھايۋان خىتاي بولىدۇ، زادى نېمىشقا ئىتتىپاقلىشىش كېرەك؟ ۋەزىيەت قىستاپ كەلمەكتە. ۋاڭ دارىننىڭ ئەنسىرەشلىرى، ئەندىشىسى كۈچەيمەكتە. باستۇرۇش بىلەن ئالدامچىلىقنى بىر ۋاستىگە ئايلاندۇرغان ۋاڭ دارىن بىر ۋەزىيەتتە ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى يولغا قويسا، يەنە بىر ۋەزىيەتتە ئىتتىپاقلىشىشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئالداش سىياسىتىنى يولغا قويماقتا.

خەلقئارا ئولىمپىك مۇسابىقىسى 2008 – يىلى بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. جۇڭنەنخەي ۋاڭ دارىن گۇرۇھى <شىنجاڭ> ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا بىر چاتاق چىقىشتىن ئەنسىرەيدۇ، ئىلى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش نامايىشىغا ئوخشاش يەنە بىر نامايىشنىڭ ياكى قەشقەردە ياكى خوتەندە ياكى تۇرپاندا پارتىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ؛ ئۇيغۇر مەسىلىسى خەلقئارالاشقان بۈگۈنكى كۈندە، غەرب دۇنياسى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلگەن بۈگۈنكى كۈندە ئەگەر ئىلى ئۆلكىسىدە، قەشقەر ئۆلكىسىدە خىتاينىڭ زوراۋان ھاكىمىيىتىگە قارشى نامايىش پارتلايدىغان بولسا، ئەينى چاغدا قوراللىق باستۇرغاندەك بۇ قېتىممۇ قوراللىق باستۇرۇشقا توغرا كەلسە، تۆلەيدىغان بەدەلنىڭ ئوڭايغا توختىمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ۋاڭ دارىن شۇڭا ئىتتىپاقلىق مارشىنى توۋلاپ چىقتى.

ۋاڭ دارىن ئۇيغۇرلارنى ھازىرغىچە زامان مەدەنىيىتىدىن يىراقلاشتۇردى، ۋاڭ دارىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇر مائارىپىنى، ئۇيغۇر تىلىنى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن يىراقلاشتۇردى. ۋاڭ دارىن ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈردى، خىتاي كۆچمەنلىرىنى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈرۈپ چىقتى. ۋاڭ دارىن ئۇيغۇرلارنى ھوقۇق قەسىردىن يىراقلاشتۇردى. ۋاڭ دارىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىيات بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويمىدى، رابىيە قادىرنىڭ ئەقدە شىركىتىنى يوقاتماقچى، تاقىماقچى بولغانلىقى ۋاڭ دارىنلار سىياسى مەقسىدىنىڭ پاكىتلىك بىر مىسالىدۇر. ۋاڭ دارىن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى مۈلۈكچىلىك ھوقۇقلىرىدىن ئايرىۋەتتى.

ۋاڭ دارىن ئۇيغۇرستان بۇ دۆلەتنىڭ ئىگىسى ئۇيغۇرلارنى 3 – دەرىجىلىك گىراژدان ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ۋاڭ دارىن ئۇيغۇر تىلىنى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىن، ئەدلىيە – قانۇن ئورگانلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇيغۇر تىلىنى سىياسەت ساھەسىدىن قوغلاپ چىقاردى. ۋاڭ دارىن بۈگۈن ئۇيغۇر تىلىنى قاساپ بىلەن ناۋاينىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ۋاڭ دارىن كىم بىلەن ئىتتىپاقلاشماقچى، ئۇيغۇرلار كىم بىلەن ئىتتىپاقلاشماقچى؟

بۇ يەردە مىللى زىددىيەتتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، بۇ يەردە بىر خىل ئىرادىنىڭ مىللەت ئىرادىسىنىڭ قىساس ئېلىش ھەرىكىتىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، بۇ يەردە كىشىلىك ھوقۇق، سىياسى ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ئۈچۈن، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. خۇددى ۋاڭ دارىن <شىنجاڭ> مىللى بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايلاندى دەپ، كۆرسەتكەندەك مۇستەملىككە ئۇيغۇرستان بۈگۈن، خەلقئارا جەمئىيەت كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالدىنقى سەپكە ئايلىنىپ قالدى. ۋاڭ دارىن ساختا ئىتتىپاقلىققا چاقىرىق قىلدۇ، مەن، سىلەر ئۇيغۇرلارنى رەھىمسىز كۈرەشكە چاقىرىق قىلىمەن.

**ئۇيغۇرلار كۇبادا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى**

2006 – يىلى 5 – ئاينىڭ 8 – كۈنى

كۇبا گىۋەنتانومو تۈرمىسىگە قامالغان بەش نەپەر ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇس تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. بۇ مەھبۇسلارنى ئالبانىيە ھۆكۈمىتى قوبۇل قىلىپ، خەلقئارا قانۇنلار بويىچە ئورۇنلاشتۇرىدىغان ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولدى.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇرلار ئاۋۋال ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىگە ۋە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە رەھمەت ئېيتىمىز، ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى

هاياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسىغا، ياۋروپا ئەللىرى خەلقلىرىگە رەھمەت ئېيتىمىز.
خىتاي مۇستەملىكچىلىرى بۇ يىگىتلەرنى تېررورىست، دىنى رادىكالىست دەپ ئاتىغان ئىدى. ئامېرىكىدا ھەربىي سوتنىڭ سوت قىلىشى ۋە پۇقرالار سوتىنىڭ سوت قىلىشى ئارقىلىق بۇ ئۇيغۇر يىگىتلەر ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىقتى.
خىتاي مۇستەملىكچىلىرى <تېررورىست> دەپ، قارالىغان، ئافغانىستاندا قولغا ئېلىنغان بەش نەپەر ئۇيغۇر تۇنجى قېتىم ئامېرىكىدا ئادىل سوت ئالدىدا پەيدا بولدى. بەلكى مانجۇنىڭ خىتاي غالچىسى زوزوڭتاڭ، چار روسىيە ۋە بۈيۈك بېرىتانىيىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئۇيغۇرىستاننى مانجۇلارغا قارام قىلىپ بەرگەن ۋاقتتىن؛ 1945 – يىلى 8 – ئاينىڭ 14 – كۈنى موسكىۋا يىغىنى، <جۇڭگو، سوۋېت شەرتنامىسى> ئىمزالاش ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەت ئۇيغۇرىستاننى خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە مۇستەملىككە قىلىپ بەرگەن ۋاقتتىن ھېسابلىغاندا، ئۇيغۇرلار تۇنجى قېتىم ئادىل سوت ئالدىدا تۇرۇپ ئادىل بىر تەرەپ قىلىشقا ئېرىشتى. بىز بۇ يىگىتلەردىن سەممىي ھال سورايمىز.
بۇ يىگىتلەر بەلكى، ۋەتەن ئىچىدە خىتاينىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى سىياسى پائالىيەت تەشكىللەپ چەت ئەلگە، ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ چىققان يىگىتلەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. <بەلكى> قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن ئاپاق – چاپاق بولۇشۇپ، شاڭخەي <بەش دۆلەت ھەمكارلىقى> تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارغا زەربە بېرىشنى، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشنى بەش دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ دائىرىسىگە ئېلىپ كىرگەندە، قازاقىستان، قىرغىزىستاندا تۇرالماي بۇ يىگىتلەر ئافغانىستان تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولغىيدى. قىسقىسى ئۇلار ئالبانىيىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى.

ۋەتەن ئىچى ۋە ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىمىز شۇ نەرسىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشى كېرەككى، بۇ يىگىتلەرنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ يىگىتلەر خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشكەن بولسا، ئاللىقاچان ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ بولاتتى.
دېمىسىمۇ خىتاي مۇستەملىكچىلىرى دىپلوماتىك يوللار ئارقىلىق ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ بۇ يىگىتلەرنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى قولىغا كەلتۈرمەكچى بولدى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق يولسىز تەلەپلىرى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ كەسكىن رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ بۇ بالىلارنى قايتۇرۇپ كېتىش تىرىشچانلىقى بىرقانچە قېتىم مەغلۇپ بولدى.
بۇگۈن بەش نەپەر ئۇيغۇر خەلقئارا جەمئىيەتتە ئاقلاندى. بۇ يىگىتلەرنى خەلقئارا جەمئىيەتكە <تېررورىست> دەپ، تونۇشتۇرماقچى بولغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىھۇدە ئۇرۇنۇشلىرى ئەمەلىي رەۋىشتە خام – خىيالغا ئايلاندى. بەش نەپەر ئۇيغۇرنىڭ گۇۋەنتانومو تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىشى خەلقئارا جەمئىيەتتە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك سىياسى ۋەقە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسى ئارزۇلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن زور سىياسى ۋەقە بولۇپ قالدى. بۇ يىگىتلەرنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى جۇڭگودا ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ نازۇك، سىرلىق پەيتلىرىگە توغرا كەلدى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنى مەزمۇن قىلغان تاشقى سىياستىنىڭ ئادىللىقىنى، توغرىلىقىنى ۋە بۇنداق تاشقى سىياسەتكە ئېغىشماي ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئادالىتىنى تارىخ ۋە ھازىرقى زامانىنىڭ سىياسى رېئاللىقى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.
ئامېرىكا خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك توغرىسىدىكى قىممەت قاراشلىرى ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەمەلىيلەشكەن بۇ كۈن – ۋەتەن ئىچى ۋە ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر ۋەتەنداشلار تەنتەنە قىلىدىغان بىر كۈندۇر.

19 – ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئىستىلا قىلىشىنىڭ مۇستەملىككە قىلىشىنىڭ نىشانى بولۇپ كەلگەن مىللەت ئىدى. 20 – ئەسىرنىڭ 10 – 30 – يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئويغىنىپ دۆلەت قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغاندا يەنە دۇنياۋى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ سىياسى مۇناسىۋەتلىرى دائىرىسىگە كىرىپ قېلىپ، ئۇيغۇرستاننى بىر – بىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بىرى يەنە بىرىگە سېتىپ بېرىپ ئەڭ ئاخىرىدا خەلقئارا جاھانگىر دۆلەتلەر ئۇيغۇرستاننى خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ۋە خىتاينىڭ كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىگە مۇستەملىككە قىلىپ بەردى. شۇڭا تارىخنىڭ مەلۇم پەيتلىرىگە كەلگەندە يەنە سېتىلىپ كەتمىسەڭلا! ئۇيغۇر ، خۇداغا شۈكرى دېسەڭ بولىدۇ.

**ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇر ۋەتەنداشلارغا مۇراجىئەت**

2006 – يىلى 5 – ئاينىڭ 9 – كۈنى

2001 – يىلى 11 – ئاينىڭ 14 – كۈنى بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق چەت ئەللىك خەلقئارا مۇخبىرلارنىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولۇپ، جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى جۇباڭزاۋ بايانات ئېلان قىلىپ <شەرقىي تۈركىستانچى> ئۇنسۇرلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا پەيدا قىلغان قان تۆكۈش ۋەقەلىرى توغرىسىدا خەۋەر تارقاتقان ئىدى.

جۇباڭزاۋ: 1992 – يىلى 2 – ئايدا <ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى> ئۈرۈمچىدە ئاپتوبۇس پارتلىتىش ۋەقەسى پەيدا قىلىپ ئۈچ نەپەر كىشىنىڭ ئۆلۈشىنى 23 نەپەر كىشىنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1993 – يىلى 6 – ئايدىن 9 – ئايغىچە <شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ئىسلام پارتىيىسى> جەنۇبىي ئۇيغۇرستاندا بىر قاتار پارتلىتىش ھەرىكىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، تۆت نەپەر ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى ۋە 30 نەپەر ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى دەپ، كۆرسەتتى.

ئشتن ئاۋۋال 1991 – يىلى 2 – ئايدا ختاي كۆچمەنلرى هاكمىيتىنىڭ پارتكومى، قورچاق <شنجاڭ> ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمى مەرھۇم تارىخچى تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئۈچ پارچە كىتابىنى مەتبۇئات يۈزىدە تەنقىد قىلىش ھەرىكتى تەشكىللەپ، ئوتتۇرا ئاسيا مەملىكەتلرى ئارقا – ئارقىدىن مۇستەقىللىق جاكارلاش دەۋرىگە كىرگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋاز قوشۇپ مۇستەقىللىق بابىدا ئجابى ئىنكاس قايتۇرۇشىدىن ئەنسىرىگەن ختاي كۆچمەنلرى ھاكمىيتى، تەتۈر تەشۋىقات ئارقىلىق جامائەت پىكرى تەييارلاپ ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە زەربە بەرمەكچى بولغان ئەمەسمىدى؟
1992 – يىلى تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىدە ئاپتوبۇس پارتلىدى. قويۇلغان بومبا مۇددەتلىك پارتلايدىغان بومبا بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇنداق بومبىنى قەيەردىن تېپىشى مۇمكىن، گۇمان تۇغۇلدى. ئۆزلرى پىلانلاپ ئۆزلرى ئىشقا ئاشۇرغان ئىشنىڭ جىنايىتىنى ئۇيغۇرلارغا ئارتىپ قويۇپ، ختاي مەخپى ئىشلار ئىدارىسى زادى نېمە مەخسەتكە يەتمەكچى ئىدى؟
جوباڭزاۋ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: 1996 – يىلى 7 – ئايدا <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئادالەت پارتىيىسى> شايار تۈرمىسىدە توپىلاڭ قوزغاشنى پىلانلاپ 15 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى دەپ، كۆرسەتتى. جوباڭزاۋ بايانات ئارقىلىق بىزگە بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ بەردى. تۈرمە ساقچىلرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسلارنى ئۆلتۈردىمۇ ياكى سىياسى مەھبۇسلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۈرمە ساقچىلرىنى ئۆلتۈردىمۇ، جوباڭزاۋ بۇ توغرىدا بىر نەرسە دېمىدى.
جوباڭزاۋ باياناتنى داۋاملاشتۇرۇپ: 1997 – يىلى 2 – ئايدا <شەرقىي تۈركىستان مىللى ئىنتىپاق بىرلىكى> تەشكىلاتى ئۈرۈمچى شەھرىدە پارتلىتىش ئۇيۇشتۇرۇپ، تۆت نەپەر ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى، 74 نەپەر ئادەمنىڭ يارىدار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ كۆرسەتتى.

شۇ يىلى 2 – ئاينىڭ 5 – كۈنى ئىلى ئۆلكىسىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇرلار لوزۇنكا كۆتۈرۈپ تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلىپ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، دېموكراتىك تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. نامايىش قوشۇنىغا خىتاي مەخپىي ئىشلار ئىدارىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان كىشىلەر بىر ئىككى دانە ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى چاققاندەك بولدى. بۇنى باھانە قىلغان خىتاي ئارمىيىسى، تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلغان ئۇيغۇرلارنى قوراللىق قىرغىن قىلدى. جوباڭزاۋ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا بۇ قىرغىنچىلىقنى نېمىشقا ئېغىزغا ئالمىدى؟
جوباڭزاۋ باياناتىنى داۋاملاشتۇرۇپ: 2000 – يىلى 5 – ئايدا <ئۇيغۇر ئازادلىق تەشكىلاتى> بىشكەك شەھىرىدە سودا – تىجارەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ بازىرىغا ئوت قويۇپ بەردى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ بازارغا كىم ئوت قويۇپ بەردى؟ قىرغىزىستان ك. گ . ب جاسۇسلار ئورگىنى ئوت قويۇپ بەردىمۇ ياكى قىرغىزىستاندا قاتىراپ يۈرگەن، خىتاي مەخپىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ جاسوسلىرى ئوت قويۇپ بەردىمۇ؟ پاكىت بىلەن سۆزلەش كېرەكقۇ؟! جوباڭزاۋ ئەپەندى.
ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم! بىر مىللەت ھوقۇقلۇق ئورۇندا تۇرغاندا، يەنە بىر مىللەت ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇرغاندا، ئىككى مىللەتنىڭ زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتلىرىگە باغلىق، ئوتتۇرىدا يۈز بەرگەن سىياسى ئىشلار كۆپ ھاللاردا ئوچۇق بولمايدۇ. تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقلۇق مىللەتنىڭ قولىدا بولىدۇ. مەسىلەن: ۋاڭ دارىن ئىلى نامايىشىنىڭ تەپسىلاتىنى تېلېۋىزوردا قانداق ئېلان قىلدى. خىتاي بۇ مىللەتنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى قارىلاش ھوقۇقى بار، ئۇيغۇر بۇ مىللەتنىڭ ھەتتا ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقىمۇ يوق.
55 – يىل ئۆتتى ۋاڭ دارىننىڭ ئاۋۋالقى ئاكىلىرى ۋاڭ جىن، ۋاڭ ئىنماۋلار، ئىماندىن ئازغان، تاپتىن چىققان ئۇيغۇر تىللىق مىللى مۇناپىقلارنى سېتىۋېلىپ ئۇيغۇرىستاندا پالانى <تۈركىستان تەشكىلاتى>، <يۇستانى تۈركىستان پارتىيىسى> دەيدىغان تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ

كەلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ ئاڭلىق زاتلىرىنى تورغا چۈشۈرمەكچى بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا سىياسىي ئىككىنچى بۆلۈم قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ قارمىقىدا سىياسىي باشقارما قۇرۇلدى، ھەربىر رايوندا سىياسىي، ھەربىر ئاخبارات ئىشخانىسى ئاللىقاچان قۇرۇلغان ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئەلۋەتتە ھەممە كىشىگە مەلۇم بولغان خىتاينىڭ مەخپىي ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇلدى.

بۇ جاسۇسلۇق ئورگانلىرى مىللىي مۇناپىقلارنى ئەمەل بېرىشكە، پۇل بېرىشكە، مەرتىۋە بېرىشكە ۋەدە بېرىپ سېتىۋالاتتى. سېتىلغان مىللىي مۇناپىقلار ئۇيغۇرىستاندا جەمئىيەتكە چىقىپ <تەشكىلات> قۇراتتى. <پارتىيە> قۇراتتى. بۇ <تەشكىلات>، <پارتىيە> لەر ئىككى كۈن ئۆتمەيلا پاش بولۇپ قالاتتى. ھېسابسىز ئاق كۆڭۈل ساددا، سىياسىي ھىيلە – مىكىرلىك خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ سۇيىقەستىنى چۈشەنمەيدىغان ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇل – قىزلىرى بىر – بىرلەپ خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشەتتى. ئىش ھازىرغىچە شۇنداق داۋاملىشىپ كەلدى. <تەشكىلات> قۇرماڭلار ۋەتەنداشلىرىم! ئاتالمىش <تەشكىلات> لارغىمۇ ۋەتەن ئىچىدە قاتناشماڭلار ۋەتەنداشلىرىم! ئىش قىلاي، ئىش قىلىمەن دېگەن ئادەم <تەشكىلات>قا، قاتناشمايمۇ ئىش قىلالايدىغۇ؟! ئەقلىمىزنى ئىشقا سالايلۇق، ھۇشيار بولايلۇق، تەشكىل ۋە تەشكىلاتچىلىق مەسىلىسىدە خىتاي ھېيلىگەرلىرىنىڭ دامىغا، قۇرغان قىلتاقلىرىغا چۈشمەڭلار! ئۇيغۇرلار پۈتۈنسىرى مىللەت، ئەقىللىق مىللەت شۇڭا تۈيۈقسىز ۋەقەلەرگە تۈيۈقسىز ئىنكاس قايتۇرۇش ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشتۇر.

**يىپەك يولى – ئوتتۇرا ئاسىيا**

2006 – يىلى 5 – ئاينىڭ 16 – كۈنى

2006 – يىلى 5 – ئاينىڭ 5 – كۈنى مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېينى ئوتتۇرا ئاسىيادا قازاقىستاننى زىيارەت قىلدى. 5 – ئاينىڭ 3 – كۈندىن 5 – كۈنگىچە قورچاق <شىنجاڭ> ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خىتاي كۆچمەنلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ھوبېرناتورى ۋاڭ دارىن كۈنەس، نارات ھەربىي ئايرودرومىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئارقىدىنلا ئاتالمىش ئۈچ خىل كۈچلەرگە، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە يەنە بىر قېتىم زەربە بېرىش توغرىسىدا جار سالدى. ئارىلىقتا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئۆزبېكىستانغا ئىقتىسادىي ئىمبارگو يۈرگۈزۈشنى قارار قىلدى. يەنە ئارىلىقتا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە دالاي لاماغا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مېدالىنى مۇكاپات قىلىپ بېرىش قانۇن لايىھىسى ماقۇللاندى. 2005 – يىلى 9 – ئاينىڭ 9 – كۈنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى بىل كىلىنتۇن ئۇيغۇرىستاننىڭ قەدىمى پايتەختى ئۈرۈمچى شەھىرىنى زىيارەت قىلدى.

دىمەك، دىپلوماتىك ۋە ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك، سودا – تىجارەتكە، خەلقئارا ھەمكارلىققا مۇناسىۋەتلىك بېرىپ كېلىشلەر ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە مەركەزلەشتى. شۇڭا ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىس يوھانىس ئەپەندى:

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى زور دەپ، يازدى.

دېڭىز يوللىرى ئېچىلىپ 15 – ئەسىرلەردە تاشلىنىپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا، قوڭغىراق ئاۋازلىرى تىنىپ، تۆگە كارۋانلىرى غايىپ بولۇپ، قۇملار ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن يىپەك يولى قايتا نۇر چاقنىتىپ، غەرب دۇنياسىنىڭ سودىگەرلىرى – تىجارەتچىلىرىنى، دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنى يەنە ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. دىپلوماتلارنى، جاھاننىڭ سىياسىئونلىرىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. 2000 يىل بۇرۇن، ئالېكساندىر ماكورونىسكىنى كۈتۈۋالغان ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى، دالالىرى بۈگۈن

2001 – يىلى ئامېرىكا – ئەنگلىيە قاتارلىق قۇدرەتلىك غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئارمىيىسىنى قارشى ئالدى. ماكادونسكى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۇنان مەدەنىيىتىنى تارقاتقان ۋە شەرقنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇنانىستانغا ئېلىپ كەتكەن. ئەمدى بۇ ھۇن تېررورىستلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، غەرب ئارمىيىسى كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، سىياسى ئەركىنلىكنىڭ رېئال ئەمەلىيىتى ۋە غايىسىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېلىپ كىردى. «ئامېرىكا ئارمىيىسى قەيەرگە بارسا شۇ يەرگە دېموكراتىيە ئېلىپ كېلىدۇ» دەيدىغان خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئەقلىيىنىڭ توغرىلىقى تارىخنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەلىي يوسۇندا ئىسپاتلىنامدۇ ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان مەزلۇم مىللەت ئۇيغۇرغا يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈپ قوپقىسىز پاجىئەلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كېلەمدۇ؟
قىرغىزىستاندا غەلىبىگە ئېرىشكەن رەڭلىك ئىنقىلاب، ئۆزبېكىستاندا كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن باشلانغان كۈرەش، ئافغانىستاندا دېموكراتىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇيغۇرىستاندا كىشىلىك ھوقۇق، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئۈچۈن تاشلانغان قەدەملەر، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سىياسى كۈرەشلەر قىسقىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۆۋەتتىكى سىياسى مەنزىرىسى يۇقىرقى تەسۋىرى ھاياتنىڭ دەلىللەنگەن پاكىتى بولۇپ قالدى.
1991 – يىلى قىزىل كىرىملىن ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، يېڭى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، دۆلەتلەر ئارا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە نىشانىنى يوقىتىپ قويدى. مۇستەقىل، ئۆزى ئۆزىگە خوجا بولۇپ تاشقى سىياسەت يۈرگۈزەلمىدى، پۇرسەتتىن پايدىلانغان خىتاي مۇستەملىكچىلىرى 1996 – يىلى روسىيە فېدېراتسىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيغا دۆلەتلىرىنى يېنىغا تارتىپ «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى»نى قۇرۇپ چىقتى. بۇ خىل سىياسى رېئاللىق ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسى مەنزىرىسىنىڭ ئىككىنچى يۈزى بولۇپ قالدى. «بەش دۆلەت گۇرۇھى» ئوتتۇرا ئاسىيادا قانداقتۇر دىنى

رادىكالىستلارغا، ئاتالمىش تېررورىستلارغا ۋە ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە زەربە بەرمەكچى بولۇشتى.
ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى تونۇپ يەتتىمۇ، قانداق؟ خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا بۇ بوشلۇق، بىپايان تېررىتورىيىگە سىڭىپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ھەربىي ئىشلار ، ئىقتىسادى ئىشلار، سىياسى ئىشلار، ئېنېرگىيە ۋە باشقا ساھەلەر بويىچە ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىشنى باشلىغان خىتاي مۇستەملىكچىلىرى <شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى>نى تەشكىلى ئاساس قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.
<شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى>نىڭ كاتىپى جاڭ دې گۇاڭ: يەنە 50 يىلدىن كېيىن <شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى> قۇدرەتلىك خەلقئارا تەشكىلاتقا ئايلىنىدۇ> دېگەن بولسا، ئۇيغۇرنىڭ سىياسى دانىشمەنلىرى: جاڭ دې گۇاڭ 50 يىل توغرىسىدا سۆزلىمەي، 50 كۈن توغرىسىدا سۆزلىشى كېرەك، پەقەت دىنىسىز كىشىلەرلا ۋاقىت توغرىسىدا ئازا – مۇزا سۆزلەيدۇ. ۋاقىت كىمنىڭ ئىلكىدە؟ دەپ سوئال قويۇشتى ۋە شۇنداق مۇھاكىمە قىلىشتى.

## خىياللار، ئۇيغۇر ۋە خىياللار

2006 – يىلى 5 – ئاينىڭ 22 – كۈنى

ئۇيغۇرلار ئاۋۋال ئادەم، ئېتنىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئۇيغۇرلار ئاندىن باشقا مىللەتلەر قاتارى بىر مىللەتتۇر.
ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار <نېفىت> دېگەن ئىسىمنى چەت تىلدىن قوبۇل قىلغان. <نېفىت>نىڭ ئۇيغۇر تىلى مەنىسى قاراماي، دەپ ئاتىلىدۇ. <نېفىت> نېمىگە ئىشلەيدۇ، <نېفىت> قارامايغا، قاراماي، دېگەن ئىسىم <نېفىت>كە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار چۈشەنمەي يۈرەمدۇ؟ تەبىئى گاز يەرنىڭ ئاستىدىن چىقىدىكەن، ئېنېرگىيە ھېسابلىنىدىكەن، ئاساسلىق يېقىلغۇ ھېسابلىنىدىكەن. ئۇيغۇرلار تەبىئى گازنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى

چۈشەنگەنمۇ، يوق؟ ئالتە موچەنگە بىر كىلوگرام كۆمۈر سېتىۋالالماي قىشنىڭ كۈنى دۈگدۈيۈپ، تىترەپ يۈرۈيدىكەن، شۇڭا ھازىرقى دۇنيادا ئىگىسىز، تىترەپ يۈرۈيدىغان، دۈگدۈيۈپ يۈرۈيدىغان كىشىلەرنى كۆرگەن ھامان بۇ كىشىلەرنى ئۇيغۇر دېيىش كېرەك...

ئوچاقتا تېزەك قالاش كېرەك ئىدى... تېزەكلەيدىغان كالىسى بارمۇ ئۇيغۇرنىڭ؛ تەبىئى گاز تۇربىسى شاڭخەيگە تارتىلدى. ئۇيغۇرىستاننىڭ تەبىئى گازى شاڭخەيگە ئېقىپ كەتتى. خىتاي تىجىمەللىرى گاز ئوچاقتا قازان ئاستى، ئۇيغۇر دېگەن بىلەمدۇ، بۇ ئىشنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى؟ <نېفىت> ئىشلەپچىقىرىش، تەبىئى گاز ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا، مەيدانلىرىدا كىملەر ئىشلەيدۇ، خىتاي كۆچمەنلىرى ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئاتالمىش ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇرلار كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈيدۇ. قەلەم كۆتۈرگەن 55 مىڭ خىتاي مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كىردى. قەلەم كۆتۈرگەن خىتايلار، ئەپكەش كۆتۈرگەن خىتاي كۆچمەنلىرى ئەمدى پويىزغا ئولتۇرۇپ، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كىرىدىغان بولدى. قەدىمى شەھەر قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرى قېنى، قەدىمى شەھەر غۇلجىنىڭ بوستانلىق كوچىلىرى قېنى، قومۇلنىڭ چىلانزارلىقى نېمە بولدى، خوتەننىڭ ئۈرۈكلۈك، شاپتۇللۇق باغلىرى قېنى؟

1969 – يىلى ئاخۇنۇپ، باھادىر مىجىتلارنىڭ ئىنقىلابىدىن كېيىن قەدىمى شەھەر قەشقەردىن خىتايلار ئۇيغۇرلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا باشلىدى. 1997 – يىلى غۇلجا شەھەر ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىن خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇۋالغان ھاكىمىيىتى غۇلجا شەھرىدىن ئۇيغۇرلارنى ھايداپ چىقىرىشنىڭ پىلانىنى تۈزدى.

خىتاي كۆچمەنلىرى پويىزدىن خۇددى تاغاردىن تۆكۈلگەن تېزەكتەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا يول ئېچىپ بېرىلگەن ئۇيغۇرىستانغا خىتاي كۆچمەنلىرى كۆچۈشكە باشلىدى. بايلىق مەنبەئەلىرىنى خىتاي كۆچمەنلىرى ئىگىلىدى. ماددىي بايلىقنى تامامەن

كونترول قىلغان خىتاي كۆچمەنلىرى ئەمدى ئۇيغۇرلارنى تۇزۇكرەك سوت قىلماي تۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدى. پىلانلىق تۇغۇت، ئىتنىك تازىلاش ئېغىر – ئاياغ جۇگانلارنى ئۇستەل ئۇستىگە ياتقۇزۇپ، تېخنىكىلىق ئادەم ئۆلتۈرۈش كۈندىلىك سىياسەتكە ئايلاندى. ئىش تاپالمىغان خىتاي كۆچمەنلىرى باشلانغۇچ مائارىپ، ئالىي مائارىپ يۇرتلىرىدىن ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، خىتاي تىلىدا دەرس ئۆتۈپ، ئانا تىل – ئۇيغۇر تىلىنى ئۇيغۇر بۇ مىللەتنىڭ لەۋزىدىن قوغلاشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلار ھاقارەتكە، خورلۇققا دۇچ كەلگەندە، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار ئۆلۈمگە، ماماتقا دۇچ كەلدى.

- ئۇيغۇرلارنى ئېتىقاد مىللىتى دېدى، ھاقارەتلىدى خىتاي كۆچمەنلىرى!

-ئۇيغۇرلار ناخشا - ئۇسۇل مىللىتى دېدى، ھاقارەتلىدى خىتاي كۆچمەنلىرى!

- ئۇيغۇرلار سۆزلەشنى بىلىدىغان ھايۋان دېدى، ھاقارەتلىدى خىتاي كۆچمەنلىرى!

- ئۇيغۇرلار ئېچىلمىغان مىللەت دېدى، ھاقارەتلىدى خىتاي كۆچمەنلىرى!

كۈچى بارلار مەدەنىيەتلىك، كۈچى يوقلار مەدەنىيەتسىز بولۇپ قالغان بۇ دۇنيادا ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم كۈچ دېگەن نېمە؟ مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟ ئېشەك ئۆلمىگەن بولسا، تاز قارا ئۇچىيىنى تارتمىغان بولاتتى. بارلىق تىرىكلىك، ھاياتلىق ئۆلىدۇ، جىسمانى جەھەتتە ئۆلۈش بۇ باشقا گەپ. ھەممىدىن يامىنى روھى جەھەتتە ئۆلۈشتۇر. روھ دېگەن نېمە؟ ياكى مىللى روھ دېگەن نېمە؟ جاسارەت، ئارزۇ، ئەقلى، دائىمى تىرىشچانلىق، دائىمى ئىزلىنىش، دائىمى تەپەككۇر قىلىش پەيلاسوپ گىگىلنىڭ تەبىرىگە يېقىنراق تۇرىدىغان بۇ تەبىر، ھازىرچە روھنىڭ مىللى روھنىڭ تەبىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جاسارىتى يوق، ئارزۇسى يوق، ئەقلى يوق، ئىزدىنىشتە يوق، تەپەككۇردا يوق، مىللەتنى ھازىرقى دۇنيادا ھەقىقى مەنىدە مىللەت دېگىلى بولمايدۇ. دۇنيادا سىياسى مىللەت

دېگەن مىللەت بولمايدىكەن، سىياسى مىللەت بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدىغان مىللەت بولىدۇ.
گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ ئوسۋارد شپىنگلېر: ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى دەۋرىدە، فرانسىيە ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە سىياسى مىللەت بولغان ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن. سىياسى مىللەت بولۇشنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى، كۈرەشچان مىللەت بولۇشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى مەنبەئە قىلغان ئىدى. چۈنكى، يۇقىرىقى مىللەتلەرنىڭ ئۆلۈم – تراگېدىيە ئېڭى، ئۆلۈم – تراگېدىيە تۇيغۇسى يەنى ئۆلۈم توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ناھايىتى روشەن ۋە ناھايىتى پاكىز ئىدى. تراگېدىيە ئېڭى ۋە ئۆلۈم چۈشەنچىلىرى مىللەتكە ئەقىل ۋە جاسارەت ئاتا قىلغان ئىدى.
پەيلاسوپ نېتزى: تراگېدىيىلىك مەدەنىيەت ئىچىدىلا ئىنسانلار ئاندىن دۇنيانىڭ ھەقىقىلىكىگە ياندىشالايدۇ، دەپ كۆرسەتكەن.
ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يېتىپ كەلدىمۇ؟ خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ زۇلۇم – ستەملىرىنىڭ دەرىجىسى غالجىرلىق باسقۇچىغا كىردى. ئۆلۈمدىن قورقمىغان مىللەت خوجايىن مىللەت بولالايدۇ. بۇنداق مىللەت يېڭى ھاياتلىقنى ئۆلۈم – تراگېدىيە ئېڭى بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ۋە سىياسى مىللەتكە ئايلىنالايدىغان مىللەتتۇر.

**دېھقانلارغا يەنە كەلدى كەلگۈلۈك**

2006 – يىلى 5 – ئاينىڭ 25 – كۈنى

2006 – يىلى يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. بېيجىڭ دائىرلىرى دىپلوماتىك پائالىيەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئەمدى دىققەت نەزىرىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىغا قاراتتى. <يېڭى يېزا> قۇرۇش پىلانىغا جامائەت پىكرى تەييارلاشقا كىرىشتى.

دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى <خەلق گېزىتى>دە بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ <يېڭى يېزا> قۇرۇشقا سىگنال بەرگەندەك بولدى. ماقالىنىڭ مەزمۇنىدا <يېڭى يېزا> قۇرۇشنىڭ دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش تىلغا ئېلىنىدى. يېزا ئىگىلىكى مىنىستىرلىكى <كەسىپلەشكەن دېھقانلار ھەمكارلىقى ئىقتىسادى تەشكىلاتلار نىزامنامىسى>نى تۈزۈش بىلەن بىرگە يېزا ئىگىلىكى بىلەن بازار ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولىدىغان <يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر جەمئىيىتى>نى قۇرماقچى بولدى.
مىنىستىر روپىكنىڭ لىن ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى مەسىلىلەر دېھقانلار دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلىلەردۇر.
<ئىجارە كېمەيتىش>، <كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش>، <يەر ئىسلاھاتى>، <كوممۇنالاشتۇرۇش> ، <كوممۇنىزم شاملى> ، <ئۈچ قىزىل بايراق>، <4 نى ئېنىقلاش> قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش، يېزىلارغا كوللېكتىپ رەھبەرلىك بەلگىلەپ بېرىش قاتارلىق ئىجتىمائى، سىياسى، تەشكىلى ھەرىكەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى ھەقىقەتەن دىققەت قىلىشقا، ئويلاشقا ئەرزىيدىغان بىر ئىش جۇڭگودا <يېڭى يېزا> قۇرۇش ھەرىكىتى نامىدا يەنە كۆتۈرۈلدى.
خىتاي مۇستەملىكچىلىرى 1978 – يىلىدىن كېيىن ئىقتىسادى ئىسلاھاتنى يېزىلاردىن باشلاپ، كوللېكتىپنىڭ يېرى، دۆلەتنىڭ زېمىنى دېيىلگەن تېرىلغۇ يەرلەرنى دېھقانلارغا كۆتۈرە بەرگەن، دېھقانلار ئاز – تولا مەجبۇرى ئەمگەكتىن ئازاد بولغان، تاغار دېھقاننىڭ دۈمبىسىدىن چۈشۈپ، تاغار ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىلغان ئىدى. يۈز – كۆزىدىكى توپا – چاڭلار سۈرتۈلۈپ يۈز – كۆزلىرى پارقىراپ قالغان ئىدى. ئارقىدىنلا دېھقانلار، ھېسابسىز جەرىمانە تۆلەشكە دۇچ كەلدى. زىرائەت بوران ئاپىتىگە ئۇچرىسا دېھقانلار جەرىمانە تۆلىدى. سۇ كەمچىل زىرائەتلەر ئوخشىمىسا دېھقانلار جەرىمانە تۆلىدى، ئۇيغۇر جۇگانلىرى ئېغىر – ئاياغ بولغاندا ئائىلە بويىچە جەرىمانە تۆلىدى،

جەرىمانە، ئېغىر ئەمگەك، ئالۋاڭ – ياساق، ھەقسىز ئەمگەك، ھاشا، خىتاي كۆچمەنلىرىگە قەرىزدار بولۇپ قېلىپ ئۆمۈر بويى قەرىز تۆلەش، ئوزۇقلۇقنىڭ يېتىشمەسلىكى، تىببى ياردەمنىڭ يوقلۇقى، قىسقىسى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ھالىدىن كەتكەندە، ئەمدى كەلگۈلۈك يەنە يېتىپ كەلدى. دېھقانلارنى قايتىدىن تەشكىللىمەكچى بولۇشتى. يېزا ئىگىلىك كوپىراتسىيىلىرىنى، گۇرۇپپىلارنى يەنە قايتىدىن قۇرماقچى بولۇشتى. <يېڭى يېزا> قۇرماقچى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولۇشتى. يېزا ئىگىلىكدە دەسلەپكى جانلاندۇرۇشنى يولغا قويۇپ ئۇششاق ئىگىلىكنى ئاساس قىلماستىن زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىكى قۇرۇپ چىقماقچى بولۇشتى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تېرىش، ئۆستۈرۈش، پىششىقلاپ ئىشلەش، بازارغا ئېلىپ كىرىش، سودا – سانائەت، يېزا ئىگىلىك بىر گەۋدىلەشكەن سىستېمىنى بازار ئىگىلىكى رامكىسى ئىچىدە قۇرۇپ چىقىدىغان بولدى.

قىسقىسى، شەكلى ئۆزگەرگەن پىلانلىق ئىقتىساد ئىگىلىكىنى يەنە يولغا قويىدىغان بولدى. گۇرۇپپىلاشقان يېزا ئىگىلىكى كوپىراتسىيىلىرىنى قۇرۇپ چىقىش، ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دېھقانلارنى چەكلەشتىن دېرەك بەردى.

<يېڭى يېزا> قۇرۇش سىياسىتى ئوتتۇرىغا چىققاندا دېھقانلارنىڭ ئۆزلۈك ئورنى قانداق بولىدۇ؛ دېھقانلارنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرى كاپالەتكە ئىگە بولامدۇ، بولمامدۇ؛ دېھقانلار كوپىراتسىيىلەشكەن تەشكىلاتلار بىلەن يېزىلىق ھاكىمىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؛ يېزىلىق رەھبەرلىك كومىتېتلىرى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ يېڭىدىن كوپىراتسىيىلەشكەن دېھقانلار تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ بىر قاتار سوئاللار ئارقا – ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. يېزىلاردا يېقىنقى يىللاردا ئېشىندى ئەمگەك كۈچلىرى تېخى ئەمدىلا شەھەرلەرگە كىرىپ

جان بېقىشنى، سودا – سانائەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشنى باشلىغان ئىدى، ئۇلار ئەمدى يېزىلارغا قايتىپ كېتىشى كېرەكمۇ؟

ئۇيغۇر يېزىلىرىغا <دادۇيجاڭ>، <شاۋ دۇيجاڭ> قىلىپ بەلگىلەپ ئەۋەتىلگەن خىتايلار ئەمدى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا قايسى شەكىلدە ھۆكۈمدارلىق قىلىدۇ؟ دېھقانلار كوممۇنا دەۋرىدىكىدەك باشقا جايلارغا رۇخسەت ئېلىپ بارامدۇ، دەل – دەرەخلەر كوممۇنا دەۋرىدىكىدەك كېسىپ تاشلىنامدۇ؛ ئۇيغۇر دېھقانلىرى خۇسۇسى ئۆستۈرگەن دەل – دەرەخلەر يەنە كوللېكتىپنىڭ مۈلكىگە ئايلىنامدۇ؛ ھويلا – ئارامدا دانلاپ يۈرگەن غاز – ئۆردەكلىرى يەنە كوپېراتسىيىنىڭ مۈلكىگە ئايلىنامدۇ؟ قىسقىسى ھاياتلىق خىتاي مۇستەملىكچىلىرى بولىدىغانلا بولسا، ھاياتلىق ئارامخۇدا ھاياتلىق بولمايدۇ.

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى نېمىشقا يېزىلاردا كوپېراتسىيە تەشكىلاتلىرى قۇرماقچى بولدى؟ ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلغان جەمئىيەت دېھقانلارنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرەلمىدى. يېزا ئاھالىسى ھازىر جۇڭگودا تەۋرىنىشكە باشلاپ جۇڭگو جەمئىيەتكە يېڭى تەھدىت يېتىپ كەلدى. شۇڭا خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا دېھقانلارنى قايتا تەشكىللەش ئارقىلىق، پرولتارىيات دېكتاتورىنىڭ ئاستىغا قايتا قويۇش كېرەك بولۇپ قالدى.

ھېسابسىز بوران – چاپقۇنلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇيغۇرلار، دېھقانلار يەنە قانداق بەرداشلىق بېرەر؟ ئىقتىسادى ئەھۋالىغا قانداق بولار، قانداق بولاتتى؟

خىتاينىڭ 1950 – يىللاردا بەلگىلىگەن سىياسىتى – ئۇيغۇرنى يوقىتىش ھازىرغىچە ئۆزگەرمىدى داۋاملاشتى. ۋاستىلىرى ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ لېكىن مۇستەملىكچىلىك سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى ئەسلا ئۆزگەرمىدى.

<يېڭى يېزا> قۇرۇش سىياسىتى ھەم يېڭى دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان بىر خىل ۋاستە، مۇستەملىكچى خىتايلار قانچىلىك نەتىجىگە ئېرىشىدۇ، كۆرۈپ تۇرايلى ۋەتەنداشلىرىم!

**جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا**

2006 – يىلى 5 – ئاينىڭ 26 – كۈنى

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى يىللىق دوكلاد ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچى ئۇستىدە توختۇلۇپ ئۆتتى. بىراق، خىتاينىڭ ھەربىي مەقسىتى نېمە؟ بۇ توغرىدا دوكلادتا بىر نەرسە دېيىلمىدى. لېكىن <جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچى ئامېرىكىغا ئۇزۇن مۇددەتلىك تەھدىت پەيدا قىلدى> دەپ كۆرسىتىپ، يەنىلا تەيۋەن بوغىزىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەڭپۇڭلۇقى توغرىسىدا دوكلادتا كۆپ پىكىر قىلىندى. <ئامېرىكا تەيۋەن بوغىزىدا توقۇنۇش يۈز بېرىش مۇمكىنلىكىگە ۋە جۇڭگونىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشى كېرەك دەپ، كۆرسىتىلدى.

ئۇيغۇر سىياسى كۈزەتكۈچىلەرنىڭ قارىشىچە: جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچى توغرىسىدا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ ئېلان قىلغان دوكلادى، ھەر يىلى ئوخشاش مۇقامدا سۆزلىنىپ كەلدى، يىللىق دوكلاد ئوخشاشلا ئامېرىكىنىڭ ئەنئەنىۋى جۇڭگو سىياستىنى ئاساس ۋە رامكا قىلىپ تەييارلىنىپ يېزىلىپ كەلدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم جۇڭگونى ئىچكى ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش، جۇڭگودا ئاسايىش، تىنچلىقپەرۋەر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش بۇ، ئامېرىكىنىڭ ئەنئەنىۋى جۇڭگو سىياستى ئىدى. شىمالىي ۋە جەنۇبىي مىلىتارىستلار يېغىلىقىغا خاتىمە بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياستى 1928 – يىلى گومىنداڭ جياڭجېشى ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ ئالدىغا قويغان ۋەزىپە ۋە نىشانىغا يەتكەن. بىراق، يەنە باشقا مىلىتارىست ماۋ زېدۇڭ كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن گومىنداڭ پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا 30 – 40 - يىللاردا ئىچكى ئۇرۇشنى كەسكىنلەشتۇرۋەتتى. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياستى ئاۋۋال گومىنداڭ پارتىيىسى بىلەن مىللىتارىستلارنى ياراشتۇرۇشقا كۈچ چىقارغاندەك، ئەمدىلىكتە گومىنداڭ پارتىيىسى بىلەن خىتاينىڭ كوممۇنىستىك

پارتىيىسنى ياراشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىش بولۇپ ئىپادىلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سىياسەت ئامېرىكىدا ئەنئەنىۋى جۇڭگو سىياسىتى بولۇپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. ئەينى چاغدا دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئاچىسون جۇڭگودا ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلەرنى قانداق ھەل قىلىشقا كۈچ چىقارغان بولسا، بۈگۈن ئامېرىكىنىڭ سىياسىئونلىرى جۇڭگو بىلەن تەيۋەننىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق ھەل قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرنىڭ سىياسى كۆزەتكۈچىلىرى: ئەنئەنىۋى جۇڭگو سىياسىتىنى ئامېرىكىنىڭ يەنە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن نارازى بولۇشتى. ئامېرىكىنىڭ ئەنئەنىۋى جۇڭگو سىياسىتى ئۆزگىرىشى كېرەك، يېڭى دەۋىردە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياسىتى يېڭى مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇشى كېرەك، دېيىشتى. يۇقىرىقىدەك قاراشلارنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

1996 – يىلى تەيۋەن بوغىزىدا يۈز بەرگەن سىياسى بوران – چاپقۇننى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ 50 يىل ئىچىدە تەيۋەن بوغىزىدا ھەربىي ياكى سىياسى جەھەتتە ھەرقانداق جىددى ئۆزگىرىش يۈز بەرمىدى. بۇ يەردە شۇڭا، تەيۋەن بوغىزىغا مۇناسىۋەتلىك ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتى بىلەن بىر ئورۇندا قويۇشقا بولامدىكەن؟

1950 – يىللاردا پارتىلىغان كورىيە ئۇرۇشى، تەيۋەن بوغىزىنى جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولسا، 2001 – يىلى پارتىلىغان تېررورىزىمغا قارشى ئۇرۇش ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرستاننى جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇنداقتا دوكلادتا تەيۋەنگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن ئۇيغۇرستانغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولامدۇ، يوق؟

**قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنەرئىمىش**

2006 – يىلى 6 – ئاينىڭ 2 - كۈنى

6 – ئاينىڭ 2 – كۈنى قورچاق <شىنجاڭ> ئۇيغۇرىستان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مەركەزلىك گۇرۇپپىسى قانۇن بىلەن دىكلەت باشقۇرۇش ئەقىدىسىنى، نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچقان ئىمىش. ئەسقەت كىرىمباي، ئىسمايىل تىلىۋالدى، ئابدۇرېھىم ھامىت، شاۋكەت ئىمىن قاتارلىق ھازىرقى زامانىنىڭ خىتاي غالچىلىرى، ماڭقۇرتلىرى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشقان ئىمىش. ماركىسىزملىق قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىش كېرەك ئىمىش. قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش قۇرۇلۇشى تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلار ئىمىش. خەلقئارالىق قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش مەدەنىيىتىنىڭ نەتىجىلىرى ئاساسىدا قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشنى ئۆگىنىش بۇ بىر تۇرلۇك مۇھىم سىياسەت بولۇپ، مۇسەملىكچى خىتايلار قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەشنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان ئىمىش، ۋەھاكازا.

پارتىيىنىڭ سىياسى قانۇن خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشىدا چىڭ تۇرۇش بۇ ئۆگىنىش كۇرسىنى تەشكىللەشنىڭ مۇھىم تەرىپى بولىسا كېرەك.

زادى جۇڭگودا قانۇن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشى كېرەكمۇ ياكى كوممۇنىستىك پارتىيە قانۇنىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشى كېرەكمۇ؟ مۇبادا قانۇن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان، قانۇن ئومۇمى خەلقنىڭ قانۇنلۇق قورالىغا ئايلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا كوممۇنىستىك پارتىيىمۇ خۇددى پۇقرالارغا ئوخشاش قانۇنىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە جاۋابكار بولۇشى كېرەك .

ئەكسىچە كوممۇنىستىك پارتىيە قانۇندىن يۇقىرى تۇرىدىغان بولسا، ئۇنداقتا قانۇن ئومۇمى خەلقنىڭ ياكى دۆلەتنىڭ قانۇنى بولماستىن، بەلكى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قانۇنى بولۇپ قالىدۇ. جۇڭگودا قانۇن

دېمەك، كوممۇنىستىك پارتىيە دېمەك؛ جۇڭگودا كوممۇنىستىك پارتىيە دېمەك، قانۇن دېمەك؛ ھازىرغىچە شۇنداق داۋاملىشىپ كەلدى.
ھازىرغىچە جۇڭگودا ئومۇمى خەلقنىڭ ياكى دۆلەتنىڭ قانۇنى بولماي كەلدى. جۇڭگودا قانۇن كوممۇنىستىك پارتىيە بىر پارتىيىنىڭ قانۇنى بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، خەلقنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرىگە قارشى تۇرۇش، خىيانەتچى، پارىخور، ئالدامچى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەنپەئىتىنىلا قوغدايدىغان قانۇن بولۇپ كەلدى. شۇنداق ئىكەن، ئاتالمىش جۇڭگوچە قانۇننى قانداق قانۇن دېگىلى بولسۇن، ئاتالمىش جۇڭگوچە قانۇن ئېگىنى قانداقچە قانۇن ئېگى ۋە قانۇن چۈشەنچىسى، قانۇن قارشى دېگىلى بولسۇن؟ جۇڭگو ئاتالمىش قانۇن بۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قانۇنىدۇر. خەلق بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق قانۇندۇر. جۇڭگودا قانۇن تۈرغۇزۇش بۇ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ماددىلاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر.
قانۇننىڭ ئەخلاق پرىنسىپى – ئادالەت، دېگەن سۆزنى دەل ماركس بۇ كىشى ئېيتقان ئىدىغۇ؟ ماركسىزملىق قانۇن نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلدىغان ۋە يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغان خىتاي كوممۇنىست مۇستەملىكچىلىرى، ئادالەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنى نېمشقا جۇڭگودا قانۇن تۈزۈشكە يېتەكچى پرىنسىپ قىلمىدى. شۇڭا جۇڭگودا قانۇن مۇستەملىكچى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قانۇن شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن سىياسى خىتاپنامىسى بولۇپ كەلدى.
>سىياسى قانۇن قوشۇننىڭ پارتىيىگە سادىق بولۇشى<دا چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك بۇ قېتىمقى قانۇن ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ بەلگىلەندى.
جۇمھۇرىيەت دەپ، ئاتىلىدىغان جۇڭگو بۇ، دۆلەتتە پۇقرالار ھېمايە قىلىدىغان قانۇن ياكى پۇقرالارنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قانۇن بارمۇ، يوق؟

<سىياسى قانۇن پارتىيىگە سادىق بولۇشى> كېرەك ئىكەن، ئەسلىدە قانۇن تۈزگۈچىلەر دۆلەتكە سادىق بولۇشى، پۇقرالارغا سادىق بولۇشى شۇ ئاساستا قانۇن تۈزۈشى كېرەكمىدى ياكى پارتىيىگە سادىق بولۇپ قانۇن تۈزۈشى كېرەكمىدى؟

شۇڭا جۇڭگونىڭ سىياسى قۇرۇلمىسى مۇستەبىتىزىملىق سىياسى قۇرۇلما بولۇپ كەلدى. زوراۋانلىق دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ كەلدى. شۇڭا ئاتالمىش كوممۇنىست پارتىيە ئىنقىلابى پارتىيە بولۇپ كەلدى. شۇڭا بۇ پارتىيە، كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيە بولۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئۆكتىچى پارتىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا يول قويمىدى. ئەگەر يەنە ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىشقا توغرا كەلسە، دېموكراتىك سايلامغا يول قويمىغان دۆلەت، بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاساسلىق بەلگە قىلغان بىر دۆلەت قانۇن تۈزۈش قانۇن ئىجرا قىلىش تەرتىپلىرىدە پارتىيىگە سادىق بولۇشنى چاقىرىق قىلىدىغان بىر دۆلەت كەم – كۈتىسىز مىلىتارىزىملىق دۆلەتتۇر.

ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى، قانۇن بىلەن پۇقرالارنىڭ مۇناسىۋىتىنى، قانۇن بىلەن پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلالمىغان ئاتالمىش جۇمھۇرىيەتتۇر. ئادەمنى ئادەم باشقۇرىدىغان، قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرمايدىغان ساقچىلار مەملىكىتىدۇر، دېيىشىپ كەلدى.

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى كىتابى سوتسىيالىزمنى مۇنبەر سوتسىيالىزىمغا ئايلاندۇردى، ماركسىزم – لېنىنىزمنى ئەمەلىيەتتىكى دىنى ئېتىقاد ئوبيېكتىغا ئايلاندۇردى. مىللى تەبىئىتى ۋە خىتاي مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى دۇنيا قاراشلىرىغا ئاساسلىنىپ رېئاللىققا تەتبىق قىلماقچى بولغان سوتسىيالىزىمنى ئەمەلىيەتتىكى فېئودال سوتسىيالىزىمغا ئايلاندۇردى.

بۈگۈن قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى ئاچقان بۇ كىشىلەر قايسى قانۇننى ئۆگەنمەكچى، قايسى قانۇننى ئىجرا قىلماقچى، زادى نېمە قىلماقچى؟

جاۋاب پەقەت بىر: ئۇيغۇرستاندا مۇستەملىكچى ختاي كوممۇنىستلىرنىڭ مىللى ھۆكۈمرانلىقنى قانداق مۇستەھكەملەش ئۇلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىشىنىڭ ماھىيىتىدۇر.

**باللىرىمىز نېمىشقا قولغا ئېلىندى**

2006 – يىلى 6 – ئاينىڭ 3 – كۈنى

2005 – يىلى 4 – ئاينىڭ 27 – كۈنى رابىيە قادىر ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئىنتايىن داغدۇغىلىق ھالدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

2005 – يىلى 5 – ئاينىڭ 11 – كۈنى ختاينىڭ 300 نەپەر قوراللىق ساقچىسى ئۈرۈمچى بۇلاق بېشى كوچىسىغا جايلاشقان <ئەقدە سودا شىركىتى>گە ھۇجۇم قىلىپ، شىركەتنىڭ 20 يىللىق توختام، ھۆججەت، تالۇن، باج ئىسپاتى تالۇن – ھۆججەتلىرىنى ۋە باشقا نەخ پۇل، نەخ پۇل چېكى قاتارلىقلارنى بۇلاپ 15 سومكىغا قاچىلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شىركەتنىڭ دېرىكتورى ئايشەم كېرەمنى كاتىپى روزى مەمەتنى ئۇردى، چېچىدىن تارتىپ سۆرىدى، قولغا ئالدى.

2005 – يىلى 5 – ئاينىڭ 23 – كۈنى ختاي جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ باياناتچىسى: ختاي ساقچىلىرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئادەم ئۇرۇش، ھۆججەتلەرنى بۇلاپ چىقىپ كېتىش قىلمىشىنى ئىنكار قىلىپ ئاخباراتچىلارغا يالغان خەۋەر تارقاتتى.

2005 – يىلى 8 – ئاينىڭ 25 – كۈنى ئۇيغۇرستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرىتارى ۋاڭ لې چۈەن بېيجىڭدە خەلقئارا مۇخبىرلارغا ئاخبارات ئېلان قىلىپ، رابىيە قادىر 50 مىليون يۈەنگە قەرزدار، <رابىيە قادىر گېرمانىيىدە تېررورىست گۇرۇپپىلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، دۆلەت بايرىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولدى> دېدى. شۇنداق سۆزلەپ رابىيە قادىرغا تۆھمەت چاپلىدى.

2005 – يىلى 8 – ئاينىڭ 31 – كۈنى ئۇيغۇرىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ مەخپى ئىشلار ئىدارىسى ئۇرۇمچىدە >307 – نومۇر<لۇق ئىشخانا قۇرۇپ >ئەقدە شىركىتى<نىڭ ئىشچى – خىزمەتچىلىرىنى ۋە بۇ شىركەتكە كېلىپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنى سىياسى نازارەت ئاستىغا ئالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن تاكى ھازىرغىچە خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى >باج تۆلىمگەن< ، >قەرىزدار< دەيدىغان توقو – لەنەتلەرنى، ئويدۇرۇپ چىقىلغان پاكىتلارنى باللىرىم ئابلىكىم ئابدۇرېھىمغا، ئالىم ئابدۇرېھىمغا چاپلىماقچى بولدى. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئادىمىلىك غۇرۇرى ۋە مىللى غۇرۇرىنى خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى دەپسەندە قىلدى.

2006 – يىلى 4 – ئاينىڭ 21 – كۈنى خىتاي كۆچمەنلىرى ھۆكۈمىتى ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوراللىق ساقچىلىرى >ئەقدە شىركىتى<گە يەنە ھۇجۇم قىلىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرى ناچار، دېگەن باھانە – سەۋەبنى ھۇجۇم قىلىشقا دەستەك قىلدى.

ساقچىلار ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىمنى ئارىغا ئېلىۋالدى. 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىمنىڭ كەينىدە سەپ تارتىپ تۇردى. ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر بىلەن خىتاي ساقچىلار دېۋەيلىشىپ مىللى، سىياسى توقۇنۇش پارتلاشقا قىل ئارىلىقى قالغاندا خىتاي ساقچىلىرى تۈيۈقسىز چېكىندى. (بۇ كۈنى رابىيە قادىر، سىدىقھاجى روزى گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخىن شەھىرى سالدىن بورگ شەھىرىدە بىر مېھمانخانىدا يېتىپ – قوپۇپ، گېرمانىيىلىك ئالىكساندېرا خانىمنىڭ قەلەم  تەۋرىتىشى بىلەن رابىيە قادىرنىڭ بىئوگراپىك رومانى يېزىلىۋاتاتتى)

2006 – يىلى 5 – ئاينىڭ 29 – كۈنى خىتاي كۆچمەنلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ساقچى ئىدارىسى قىزىمىز روشەنگۈل ئابدۇرېھىمنى، ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىمى، ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى نەنگۈەن ساقچى ئىدارىسىغا نەزەربەنت قىلدى.

دەل شۇ كۈنلەردە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۇيغۇرىستاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا يېتىپ كەلگەن ۋە بىزنىڭ باللىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈشنى يەرلىك ھۆكۈمەتتىن تەلەپ قىلغان كۈنلەر ئىدى. ۋەكىللەرنىڭ ئىچىدە ئاۋام پالاتاسى تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى تام، لەنتوسنىڭ ئىشخانا مۇدىرى خانىس ئەپەندىمۇ بار ئىدى. باللىرىمىزنىڭ نەزەربەنت قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان دۆلەت مەجلىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەرنى زىيارەت قىلىش كۈن تەرتىپىدىن ۋاز كەچتى.
خەلقئارا بېسىم ئارقىلىق خىتاي ساقچىلىرى 5 – ئاينىڭ 29 – كۈنى كېچە سائەت 1 دە باللىرىمىزنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بىراق، بۇ قېتىم ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە نەزەربەنت قىلدى. ئۈچ نەپەر پەرزەنتىمىزنىڭ ئۈچ يۈرۈش ئۆيىگە ئۇندىن ساقچى قويدى.
31 – ماي ئۇرۇمچى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت يەتتىدە ساقچىلار ساختا مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، باللىرىمىزنى ھەتتا نەۋرىلىرىمىزنى ئېۋىرغولغا ئېلىپ چىقىپ تاغدا ئويناتماقچى بولدى. ئۇلانبايغا ساي بويىغا مىنىبۇس بىلەن ئېلىپ كېلىپ خىتاي ساقچىلىرى باللىرىمىزغا قول سالدى. ئوغۇللىرىمىز ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى، ئالىم ئابدۇرېھىمنى قاتتىق ئۇردى، ئارقىدىن تۈرمىگە ئېلىپ كەتتى. نەۋرىلىرىمىزنى قارا ماشىنىنىڭ كوزۇۋپىغا نەزەربەنت قىلدى. بۇ قېتىم خىتاي ساقچىلىرى باللىرىمىزنى ئۇيغۇرلار توپلاشقان رايوندىن يۆتكەپ چىقىپ قولغا ئېلىش ھىلىسىنى ئويناپ چىقتى.
مەيلى رابىيە قادىر بولسۇن، مەيلى بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز بولسۇن، خىتاي كۆچمەنلىرى ھۆكۈمىتىگە بىر تىيىنگە قەرىزدار ئەمەس. <60 مىليون يۈەنگە قەرىزدار، 8 مىليون باج پۇلىغا قەرزدار> دېگەنلەر پۈتۈنلەي ئويدۇرما. خىتاي ساقچىلىرى 2005 – يىلى 5 – ئاينىڭ 11 – كۈنى بۇلاپ چىقىپ كەتكەن ھۆججەتلەرنى مەخپى بىر تەرەپ

قىلىۋەتمەي شىركەتكە قايتۇرۇپ بېرىدىغانلا بولسا، ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ، پۇل ھېساباتى ئېنىقلىنىشىدۇ.
ختاي كۆچمەنلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ساقچى ئىدارىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى، باج ئىشلىرى ئىدارىسى، سودا – سانائەتنى مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، بىخەتەرلىك نازارىتى، توك ئىدارىسى، سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى قاتارلىق ختاي كۆچمەنلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان ئاپپاراتلىرى 1999 – يىلى 8 – ئاينىڭ 11 – كۈنى رابىيە قادىرنى قولغا ئالغان كۈندىن باشلاپ، ئەقىدە شىركىتىگە سىياسى بېسىم ئىشلەتتى. شىركەتنىڭ تىجارەت، ماددى پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ كۈندىلىك تەرتىپلىرىنىڭ بېجىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. نان قېپى، مەنپەئەتپەرەست تىجارەتچىلەرنى كۈشكۈرتىپ بالىلىرىمىزنى قورشاۋغا ئالدى. ئېلىم – بېرىم داۋا ئىشلىرىنى ئورۇنسىز پىلانلاپ چىقتى. چىداپ كەلدى... بىزنىڭ بالىلىرىمىز چىداپ كەلدى...

**دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ ئىقرارنامىسى**

2006 – يىلى 6 – ئاينىڭ 11 – كۈنى
<جۇڭگولۇقلار تور بېتى>دە بىر پارچە خەۋەر ئېلان قىلىندى. بۇ خەۋەرنىڭ ئاپتورى تيەنخۇي دېگەن كىشى ئىكەن .
ختاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ سىياسى بىيۇروسى 5 – ئاينىڭ 26 – كۈنى كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىپ: <ئىچكى ۋەزىيەت مۇرەككەپ گىرەلىشىپ كەتتى>، <خەلقئارا ۋەزىيەت جىددى، خەتەرلىك> دەپ ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىپتۇ.
كېڭەيتىلگەن يىغىنغا ھەرقايسى ھەربىي رايوننىڭ قوماندانلىرى ھەم تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپتۇ. يۇقىرىقىدەك ۋەزىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇپ كېڭەيتىلگەن يىغىن مۇنداق خۇلاسە چىقاردى.
<ھازىرقى باسقۇچ يېڭى دەۋرلىك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا توغرا كەلدى. ئىقتىسادى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى

مۇقەررەرلىك: ھەرقايسى جايلاردا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەر خىل زىددىيەتلەر يەنە ھەرقايسى رايونلار ئالاھىدىلىكىگە ئىگە زىددىيەتلەرنى مۇبادا بىر تەرەپ قىلىش مۇۋاپىق بولمايدىكەن، زىددىيەتلەرنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ھەتتا مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ئاپەتلىك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

ختاي مەركىزى كومىتېتى سىياسى بيۇرۇنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى بەش چوڭ دۈشمەن كۈچلەر توغرىسىدا مۇنداق توختالدى:

1) جۇڭگوغا قارشى خەلقئارا تەشكىلاتلار؛ 2) خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەر تەشكىلاتى؛ 3) تەيۋەن مۇستەقىللىقى، تىبەت مۇستەقىللىقى، ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۆلگۈنچى كۈچلەر؛ 4) بىدئەت دىنلار – جۇڭگوغا، پارتىيىگە قارشى دىنى كۈچلەر؛ 5) چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن دۈشمەن كۈچلەر تەشكىلاتلىرى.

كېڭەيتىلگەن يىغىن ئۆلكە ۋە شەھەرلەردە ئالاھىدە ھەرىكەت ژاندارمىلىرىنى قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلىدى.

بەش چوڭ دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئون تەرەپلىك پائالىيىتى توغرىسىدا لى چاڭچۈن، لوگەم. جويوڭكاڭ قاتارلىقلار مۇنداق كۆرسەتتى : 1) خەلقئارا جەمئىيەتتە جۇڭگو تەھدىتى نەزەرىيىسىنى ياساپ  چىقىپ، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەرگە ئازار يەتكۈزۈپ جۇڭگونىڭ تىنچ يول بىلەن باش كۆتۈرۈشىنى چەكلەش؛ 2) تەيۋەن مۇستەقىللىقنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىگە ئېغىۋاگەرچىلىك پەيدا قىلىپ مەركەزلىك خىزمەتلىرىمىزگە تەسىر يەتكۈزۈش؛ 3) تىبەت مۇستەقىللىقى، ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى پائالىيىتىنى خەلقئارا سەپتە غالجىرلىق بىلەن ئېلىپ بېرىشقا كۈشكۈرتۈپ، ئىگىلىك ھوقوقىمىز ۋە ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىش؛ 4) ئىقتىسادى مەسىلىلەرنى مەخسەتلىك سىياسىلاشتۇرۇش، ئىچكى مەسىلىلەرنى خەلقئارالاشتۇرۇش؛ 5) ئېچىۋېتىش سىياسىتىمىزدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىساد، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەرگە سىڭىپ كىرىش؛ 6)

ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، پايدىلىنىپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىش؛ 7) تور بەتلەردىن پايدىلىنىپ ئىغۋا تارقىتىش؛ 8) جەمئىيەتتە زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈپ تۈزۈمگە، ھۆكۈمەتكە قارشى پائالىيەتكە ئايلاندۇرۇش ۋەھاكازا.

نېمە بولدى سىياسى بىيۇرۇغا؟ خۇددى دۆلەت، ھۆكۈمەت، سىياسى بىيۇرۇ ئۇرۇش دەۋرىگە كىرىپ قالغاندەك؛ بىر قارارغۇ، بۇ! سىلەر دۈشمەن كۈچلەر دەپ، كۆرسەتكەن بۇ كىشىلەر ئەسلى جۇڭگو <پۇقرالىرى> ئىدىغۇ؟ بۇلارنىڭ مەقسىدى جۇڭگودا كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمنى يولغا قويۇش ئاساسى قانۇنلۇق دۆلەت ۋە پۇقرالار جەمئىيىتى قۇرۇش تىبەت ۋە ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىش. بۇ شەكىللىك دېموكراتىك ئىدىيىلەرنىڭ نېمە يامىنى بار، نېمە زىيىنى بار ئەپەندىلەر.

## غەرب دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان تاكتىكىسى ئۆزگەردىمۇ؟

2006 – يىلى 6 – ئاينىڭ 14 – كۈنى

بىرنەچچە ئايدىن بېرى غەربتىكى مۇھىم دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى جۈملىدىن پرېزىدېنت بوش، گېرمانىيىنىڭ ۋەزىرى ئانجېلا ماركېل، ھەمدە ياۋرۇپا پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ئەپەندىلەر، خانىملار جۇڭگونىڭ غەيرى ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگودا دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىلھام بەردى.

بىرنەچچە يىللىق ئىزدىنىشتىن كېيىن بولۇپمۇ ئىنتايىن ئېغىر بەدەل تۆلىگەندىن كېيىن غەرب دۇنياسى جۇڭگوغا ئەمەلىي تاكتىكا ئىشلىتىشكە باشلىدى. خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ رەزىل ئەپتى – بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى. ۋاقتىنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىدىن ئەپسۇسلانساقمۇ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تارىخى خاراكتېرلىك ئۇيغىنىشىدىن ئىلگىرلىشىدىن مەمنۇن بولدۇق.

20 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىدا غەربتىكى دېموكراتىك كۈچلەر لاگېرى سابىق سوۋېتلەر تەرەپكە ئېغىپ كەتكەن خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە قارىتا قورشاش ئارقىلىق تاقابىل تۇرغان. كوممۇنىستىك تۈزۈمنى كېڭەيتىش ئۈچۈن سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر كورېيىدە، ۋېتنامدا ئۇرۇش قوزغىغاندا غەرب دۆلەتلىرى قارىمۇقارشى مەيداندا تۇرغان ئىدى. سابىق سوۋېتلەردە خىروششېۋ تەختكە چىققاندىن كېيىن ستالىننىڭ مۇستەبىتلىك قىلمىشلىرىدىن ۋاز كېچىپ، غەرب بىلەن تىنچ ھالەتتە رىقابەتلىشىش، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش يولىنى تاللىۋالغان. لېكىن خىتاي كوممۇنىستلىرى ئاتالمىش جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، غەرب بىلەن ئادا – جۇدا بولۇش سىياستىدە چىڭ تۇرۇپ، سابىق سوۋېتلەر ۋە سابىق شەرقىي ياۋرۇپا بىلەن ئارىلىق ساقلاپ كەلگەن ئىدى. كېيىن غەرب دۆلەتلىرى جۇڭگو بىلەن ئارقا – ئارقىدىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى.
1989 – يىلى تيەنئەنمېندە تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلغان ئوقۇغۇچىلارغا قارشى تانكىلار ھەيدەپ كىلىنگەندە، غەرب دۇنياسىنىڭ جۇڭگو توغرىسىدىكى غۇۋا ئۈمىدى ھەم يوققا چىقتى. تيەنئەنمېندە قانلىق باستۇرۇش، دېموكراتىك قائىدىلەرگە ئادەتلەنگەن غەربلىكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا تەساۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى.
بىرنەچچە ئون يىلدىن بېرى غەرب دۇنياسى ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ قىلتىقىغا چۈشكەنلىكىنى بايقاپ يەتتى. ھازىرقى كۈندە جۇڭگو ئىنتايىن زور ئىقتىسادى مەنپەئەتكە ئېرىشىپ، ھەربىي كۈچ، يادرو قوراللىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىشىلەر جۇڭگونىڭ نىيىتىدىن گۇمان قىلىشقا باشلىدى. خىتاينىڭ گېنىرلى جوچېڭخونىڭ يادرو ئۇرۇشى توغرىسىدا جار سېلىشىدىن غەرب ئەللىرى ئىقتىسادى جەھەتتە ئىسلاھ قىلىش سىياستىنى يولغا قويغان جۇڭگونىڭ، ھوقۇق تېخىمۇ مەركەزلەشكەن مۇستەبىتلىق نىشانغا قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى.

غەرب دۇنياسى تەجربە ساۋاقلارنى قوبۇل قلىشقا باشلىدى. غەربتىكى مۇھىم دۆلەتلەر ئاخىر ئويغىنىپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، جۇڭگودا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تەييارلىق قىلدى.
گېرمانىيىنىڭ ۋەزىرى ئانجىلا ماركېل ماي ئېيىنىڭ باشلىرىدا جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا غەيرى ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرى، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلار، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى، دىنى ئەربابلارنى قوبۇل قىلىپ ئانجىلا ماركېل : غەرب دۇنياسى جۇڭگونى تەنقىدلەشكە جۈرئەتلىك بولۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غەرب دۆلەتلىرى ئارقا – ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقارغان پائالىيەتلەر قانداقتۇر بىردەملىك قىزغىنلىق بولماستىن بەلكى جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىگە ئاساسلىنىپ ۋە خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا نېگىزلىك ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن سىياسەتتە زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانلىقىدۇر.
يەنە بىر تەرىپى شۇكى، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە قاراتقان سىياسىتىدە ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل بولغانلىقىنى، بۇرۇنقىدەك ئۇستەل ئاستىدا كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە توغرىسىدا سۆزلىشىدىغان قىلىقلاردىن ۋاز كېچىپ، جۇڭگو بىلەن داۋاملىق سودا – تىجارەت قىلىش ئاساسىدا يەنە خەلق ھوقۇقى، كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق جۇڭگودا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بەل باغلىغانلىقىنى كۆرۈۋپ يەتتۇق.

**قاھار ئابدۇرېھىم**

2006 – يىلى 6 – ئاينىڭ 18 – كۈنى

1964 – يىلى 2 – ئاينىڭ 10 – كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى كونا شەھەردە تۇغۇلغان، كەسپى تىجارەتچى، ئۆزى ئانىسى رابىيە قادىردىن ئايرىم تىجارەت قىلىدۇ، بىر ئائىلە بەش جان .

ئەسلىدە ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلاتتى.
1999 – يىلى 8 – ئاينىڭ 11 – كۈنى ئانىسى رابىيە قادىر تۈرمىگە ئېلىنغاندىن كېيىن ساقچىلار قاھار ئابدۇرېھىم ئائىلىسىنى نەزەربەنت ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قاھار ئابدۇرېھىم ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ كەتكەن. ئاقسۇ كونا شەھەردە بەش قەۋەتلىك بىر بىنا سېلىپ (25000 كۋادرات مېتىر) بۇ بىنادا، ياتاق، مېھمانخانا، ئاشخانا ئاچقان. 70 مو يەر سېتىۋېلىپ باغ بەرپا قىلغان. بۇ باغ ئەمەلىيەتتە خەلق سەيلە قىلىدىغان باغ بولۇپ قالغان.
بۇ قېتىم 2006 – يىلى 5 – ئاينىڭ 29 – كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە خىتاي ساقچىلىرى رابىيە قادىر، سىدىقھاجى روزىنىڭ ئۈچ نەپەر پەرزەنتىنى نەزەربەنت قىلغاندا قاھار ئابدۇرېھىمنى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى جەمئى ئون سائەت سوراق قىلىپ، ئانىڭ رابىيە قادىر بىلەن سىياسى مۇناسىۋىتىڭ يوق ئىكەن، ئۈرۈمچىدىكى ئۇكىلىرىڭ بىلەنمۇ سىياسى مۇناسىۋىتىڭ يوق ئىكەن، ساقچىلارنىڭ سوراق – سوئاللىرىغا ئوبدان ماسلاشتىڭ، نورمال، قانۇنلۇق تىجارەت قىلىپ كېلىۋاتىسەن، بۇگۈندىن باشلاپ تىجارىتىڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسەڭ بولىدۇ، دېگەن. لېكىن، قاھار ئابدۇرېھىم، رابىيە قادىر، سىدىقھاجى روزىنىڭ پەرزەنتى بولغانلىقتىن، خىتاي ساقچىلىرى ئىككى نەپەر پەرزەنتىمىزنى قولغا ئېلىپ بىر نەپەر قىزىمىزنى نەزەربەنت قىلغاندا، ئوغلىمىز قاھار ئابدۇرېھىمنى 6 – ئاينىڭ 13 – كۈنى ساقچىلار قولغا ئالدى.
2 . روشەنگۈل ئابدۇرېھىم
1967 – يىلى 7 – ئاينىڭ 18 – كۈنى كۇچار ناھىيىنىڭ چىمەن يېزىسىدا رابىيە قادىرنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆيىدە دۇنياغا كەلگەن. 1987 – يىلى قەشقەر سىفەن مەكتىپىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 9 –ئايدا ئۈرۈمچى قاتناش مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى

بولۇپ ئورۇنلاشقان. هازىرغىچە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. كېيىن بۇ مەكتەپ قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.
روشەنگۇل بۇ مەكتەپتە فىزىكا دەرسى ئۆتەتتى. تىجارەت قىلىپ باقمىغان ھەم ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ تىجارىتىگە ئارىلىشىپمۇ باقمىغان. يولدىشى قەيسەر ئۇمۇ ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بىر ئائىلە بەش جان ئۈچ نەپەر بالىسى بار.
ئانىسى رابىيە قادىر تۈرمىگە ئېلىنغاندىن كېيىن(1999 – يىلى 8 – ئاينىڭ 11 – كۈنى) خىتاي ساقچىلىرى روشەنگۇل ئابدۇرېھىمنى داۋاملىق نازارەت قىلىپ تۇرغان. خەلقئارا بېسىم ئارقىلىق رابىيە قادىر خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ۋاشىنگتونغا قويۇپ بېرىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرى ئۈچۈن پائالىيەت باشلىغان بۇ جەرياندا ئۈرۈمچىدە خىتاي ساقچىلىرى قىزىمىز روشەنگۇل ئابدۇرېھىمنى خالىغاندا ساقچىخانىغا ئېلىپ بېرىپ، يوقىلاڭ سىياسى ئىبارىلەر بىلەن سوراق قىلدى. بۇ جەرياندا روشەنگۇل ئابدۇرېھىم، بۇنداق سوراق قىلىشىڭلار قانۇنغا خىلاپ دەپ، ساقچىلار بىلەن تاكاللاشتى.
2006 – يىلى 5 – ئاينىڭ 29 – كۈنىدىن باشلاپ، ئاز بولغاندا ئۈچ نەپەر ساقچى، كۆپ بولغاندا يەتتە نەپەر ساقچى روشەنگۇل ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆيىنى نازارەت قىلىدۇ، تاشقىرىغا چىقارمايدۇ.
3. ئابلىكىم ئابدۇرېھىم
1973 – يىلى 8 – ئاينىڭ 17 – كۈنى ئاقسۇ كونا شەھەردە دۇنياغا كەلدى. ئاقسۇ كونا شەھەردە رادىئو – تېلېۋىزىيە ئالىي مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ كومپيوتېر كەسپىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ سودا – تىجارىتىگە ئارىلاشمىغان. رابىيە قادىر قولغا ئېلىنغاندا (1999 – يىلى 8 – ئاينىڭ 11 – كۈنى) ئابلىكىم ئابدۇرېھىممۇ قولغا ئېلىندى. ئاناڭ رابىيە قادىر يازغان <ئۇن ماددىلىق ئامېرىكا خەلقىگە مۇراجىئەت> ماۋزۇلۇق ھۆججەتنى ئىنگلىز تىلىغا سەن تەرجىمە قىلدۇردىڭ، پوچتا ئارقىلىق ئامېرىكىغا، داداڭغا سەن ماتېرىيال يوللىدىڭ

دەپ، جىنايەت ئارتىپ، ئىككى يېرىم يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تۈرمىسىگە تاشلاندى. تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياشىدى. ئۆيدە ئولتۇردى، ئۈيان – بۇيان قاتراپ يۈرمىدى، 2006 – يىلى 6 – ئاينىڭ 1 – كۈنى ئوغلىمىز ئابلىكىم ئابدۇرېھىم يەنە قولغا ئېلىندى.

4. ئالىم ئابدۇرېھىم

1976 – يىلى 2 – ئاينىڭ 29 – كۈنى ئاقسۇ كونا شەھەردە دۇنياغا كەلدى. قانۇن دوختۇرلۇق كەسپى بويىچە تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئىدى. 1999 – يىلى 8 – ئاينىڭ 11 – كۈنى ئانىسى رابىيە قادىر قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئوغلىمىز ئالىم خىزمەت ئورنىدىن قوغلاپ چىقىرۋېتىلدى. ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان سودا – تىجارىتىنى داۋاملاشتۇردى. 1999 – يىلى 12 – ئايدا تۈرمىدىكى رابىيە قادىرنىڭ ۋاكالەتنامە يېزىپ بېرىشى ئارقىلىق <ئەقدە سودا شىركىتى>، <رابىيە قادىر سودا سارىيى>نىڭ باش دىرېكتورلۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ھازىرغىچە شۇ ۋەزىپىنى ئۆتەۋاتاتتى.

شىركەتلەر ئالىم ئابدۇرېھىمنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن، شىركەت خىتاي ساقچىلىرىنىڭ يولسىز ھۇجۇملىرىغا، توسقۇنلۇق قىلىش، پاراكەندىچىلىك قىلىشلىرىغا ئۇچراپ تۇردى. ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، بازار باشقۇرۇش ئىدارىسى، باج خانا، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسى، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسى، توك بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسى، شەھەرنى تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش ئىدارىسى قاتارلىق مۇستەملىكە ھۆكۈمەت ئىدارە – ئورگانلىرىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى بېسىمىغا ئۇچرىدى. بۇ ئورگانلارنىڭ كەينىدە تۇرغان مۇستەملىكچى ھۆكۈمەت رابىيە قادىر شىركەتلىرىگە، ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىمغا كاشىلا پەيدا قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ تۇراتتى. ئورۇنسىز جەرىمانە قوياتتى. سۇ ياكى توكنى توختىتىپ قوياتتى. ئالىم ئابدۇرېھىمنىڭ نورمال تىجارىتىگە خىتاي

ساقچىلىرى بۇزغۇنچىلىق قىلدى. شىركەتكە كىرىپ – چىقىپ تۇرىدىغان، سودا – تىجارەت قىلىدىغان، ئېلىم – بېرىم مۇناسىۋىتى قىلىدىغان كىشىلەرنىمۇ خىتاي ساقچىلار سوئال – سوراق قىلىپ، ئۇلارنى شىركەتكە كىرىپ توپ مال ئېلىپ سودا – تىجارەت قىلالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. شىركەتنى ھەتتا ئۆزىنى باقالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى.

1999 – يىلى 8 – ئاينىڭ 11 – كۈنىدىن باشلاپ شىركەت داۋاملىق خىتاي ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىغا ئېلىندى. بۈگۈن ئوغلىمىز ئالىم <باج ئوغۇرلىرى> دەپ، قولغا ئېلىندى. ئالىم <باج ئوغرىسىمۇ ئەمەس> ئالىم ئوغلىمىز بىرسىگە قەرىزدارمۇ ئەمەس. قەرىزدار بولغاندىمۇ ئورنى بار، ھېساب كىتابى بار قەرىزدار بولاتتى. ئالىم سودا – تىجارەتتە توپلىغان نەخ پۇلمۇ ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا بانكىغا قويۇلاتتى. بۇ پۇلغا خىتاينىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى نازارىتىنىڭ 5 – باشقارمىسى ئىگە بولاتتى. ئەمدىلىكتە شىركەتكە مۇناسىۋەتلىك ئېلىم – بېرىم ئىشلىرىغا ئوغلىمىز ئالىم ئىگە بولۇشى كېرەكمۇ ياكى خىتاي ساقچى نازارىتىنىڭ 5 – باشقارمىسى ئىگە بولۇشى كېرەكمۇ؟ پۇلغا، نەخ پۇلغا ساقچى نازارىتىنىڭ 5 – باشقارمىسى ئىگە بولۇپ، قەرىز ھېساباتلىرىغا ئالىم ئوغلىمىز ئىگە بولىدىغان ئىش چىقتىمۇ ئەمدى؟

2005 – يىلى 5 – ئاينىڭ 11 – كۈنى خىتاي ساقچىلار <ئەقىدە شىركىتى>گە ھۇجۇم قىلىپ، كونتروللۇق ئاستىغا ئېلىپ ھۆججەت تالۇنلارنى بۇلاپ چىقىپ كەتكەن كۈندىن ھېسابلىغاندا قەرز – ئۆتنە بېرىم، بانكا ھېساباتى ۋە باشقا ئېلىم – بېرىم ئىشلىرىمۇ توختىغان بولمامدۇ؟

**مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئىمىش**

2006 – يىلى 6 – ئاينىڭ 20 – كۈنى

<يۇرتۇم> تور بېتىدە 6 – ئاينىڭ 20 – ۋكنى قايتا ئېلان قىلىنغان بۇ <قانۇن>، <ئاز سانلىق مىللەت> پۇقرالىرى بىلمەيدىغان لېكىن قايتا ئۆگىنىش مەجبۇرىيىتى قايتا تەكىتلەنگەن <قانۇن> بولۇپ چىقتى. 1984 – يىلى قايتا ئۆزگەرتىپ ئېلان قىلىنغان بۇ ئاتالمىش <قانۇن>دىن ھەقىقەتەن <ئاز سانلىق مىللەت>لەرنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇيغۇرلار تارىختا ھېچقاچان، ھېچكىمدىن ئاپتونومىيە تەلەپ قىلغان ئەمەس. كىمدۇ بىرسىنىڭ شاپاھەت ياغدۇرۇپ ئۇيغۇرلارغا ئاپتونومىيە قۇرۇپ بېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى.

بىر مىللەت ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ ۋەتىنىگە، دۆلىتىگە قوراللىق تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، كۆپىنچە <ئازار قىلدۇق> دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتەتتى. خىتاي مۇستەملىكچىلىرىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش گومىنداڭ بولۇپ ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر مىللى ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئۇيغۇرىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ، ئەمدىلىكتە قىزىل قاسقانلىق شەپكە كىيىپ، <قىزىل بايراق> كۆتۈرۈپ، قىزىل خىتاي يەنى كوممۇنىست خىتاي بولۇپ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە سىلەرنى <ئازاد قىلدۇق> دېگەنتى. كىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن كىمنى <ئازاد> قىلغانتى؟ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئۇيغۇرلارنى كوممۇنىستلار ئازاد قىلدى، دېيىشكەنتى، گومىنداڭ قايسى پارتىيە ۋە گومىنداڭ كىم ئىدى؟ خىتاي مىللىتىنىڭ سىياسى پارتىيىسى ئەمەسمىدى، كوممۇنىستلار كىم ئىدى، قايسى پارتىيە ئىدى، خىتاي مىللىتىنىڭ پارتىيىسى ئەمەسمىدى؟ ئۇيغۇرلارنىڭ <ئازاد بولۇش> ئارزۇلىرى بار ئىدى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ <ئازاد بولۇشى> خىتاينىڭ بىر پارتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، خىتاينىڭ يەنە باشقا بىر پارتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىش دېگەنلىك ئەمەس

ئىدىغۇ؟ <ئازادلىق> دېگەنلىك ئەسلىدە خىتاي بۇ مىللەتنىڭ ھەربىي، سىياسى، ئىقتىسادى، مونوپولىيىلىك مەدەنىيەت ھۆكۈمرانلىقىدىن ئۈزۈل – كېسىل ئازاد بولۇش دېگەنلىك ئەمەسمىدى؟

كىمدۇ بىرسى بېغىشلىغان، تارتۇۋىلىغان، ئابستراكت سوۋغا قىلغان، قالپاق ئورنىدا كەيگۈزۈپ قويغان ئاپتونومىيە، مۇختارىيات دېگەنلەر ئۇيغۇرلارغا كېرەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئاتالمىش مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھەتتا ھەقىقى مەنىسىدىن يىراقلاشقان ھالدا ئاق قەغەزدە قارا سىياھ بولۇپ قېلىۋەردى. چاقىرىق بولدى ھەرقانداق ئۇيغۇر بۇنداق ئاپتونومىيىگە قۇلاق سالمىدى، مەجبۇرلاندى ھەرقاندقا ئۇيغۇر ئاپتونومىيىنى قوبۇل قىلمىدى. <قانۇن> دەپ داۋراڭ قىلىندى، ئاتالمىش تېررىتورىيىلىك <قانۇن>نى ھەربىر ئۇيغۇر مەنىستىمەي قويىدى. خىتاي مىللى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەزىرىدە <ئاپتونومىيە>، <ئازاد> قىلىنغان مىللەتلەرگە سوۋغا قىلىنىدىغان مىللى ئاپتونومىيە بولسا كېرەك.

ئاتالمىش مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>نىنىڭ كىرىش سۆزىدە:

<مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتتىمىزدىكى مىللى مەسىلىنى ماركسىزم، لېنىنىزم بىلەن ھەل قىلىدىغان تۈپ سىياسىتى> دېيىلگەن.

راستىنى ئېيتقاندا ماركس، لېنىن دېگەن كىشىلەر ئىزىلگەن مۇستەملىككە ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ئازادلىق تەلەپلىرىنى ھېمايە قىلغۇچى كىشىلەر ئەمەس بەلكى مىللەتنى يوقاتماقچى بولغان كىشىلەر ئىدى. <كوممۇنىستلار خىتاپنامىسى>دا، <تۇرمۇش شارائىتىنىڭ بىر خىللىقى نەتىجىسىدە خەلقلەرنىڭ مىللى ئايرىملىقلىغى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى، چاپسانراق يوقىلىۋېرىدۇ، پرولتارىياتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇلارنىڭ يوق بولۇشىنى تېخىمۇ چاپسانلاشتۇرىدۇ، بىر شەخسنى ئىككىنچى بىر شەخس ئېكسپولاتاتسىيە قىلىش يوقىلىۋەرگەنسېرى بىر مىللەتنى ئىككىنچى بىر مىللەت ئېكسپولاتاتسىيە

قىلىشمۇ يوقىلىۋېرىدۇ> دەپ يازغان ئىدى. بۇ ئابزاستا ماركس فانتازىيە تېگىشلىك مەنتەقى قۇرۇلمىسىدىنمۇ ئايرىلىپ كەتكەن، ئۇتوپىيە پرولېتارىيات ھۆكۈمرانلىقى دېگەن نەرسىنىڭ ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەمەلىيەتتىكى مىللىي ھۆكۈمرانلىق ئىكەنلىكىنى ماركس قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن. سابىق سوۋېتلەردە ھۆكۈمرانلىق ۋە نۆۋەتتە ھازىرقى جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىق مىللىي ھۆكۈمرانلىق بولۇپ ئىپادىلەندى ۋە مىللىي ھۆكۈمرانلىق بولۇپ داۋاملىشىۋاتىدۇ.

روسىيىلىك مۇتەپەككۇر مىخايىل باكونىس : <سلاۋيان خەلقىگە مۇراجىئەت> ماۋزۇلۇق كىتابىدا، ئىنقىلابى تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى كونا زۇلۇمغا ئۆچمەنلىكنى يۇقىرى ئاۋازدا ۋاقىراش، بارلىق ئېزىلگەن مىللەتلەرگە ھېسداشلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى قىزغىن سۆيۈش؛ ھەرقايسى مىللەتلەر كونا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن نومۇس ۋە ھاقارەتنى ئاخىر تونۇپ يەتتى، ياۋرۇپادا بىر مىلەلت ئېكسپولاتاتسىيىگە ئۇچرايدىكەن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بەختى، خاتىرجەملىكى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتكەن.

باكونىس يەنە: بارلىق مىللەتلەرنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرىدىغان شەرەپلىك ئىنقىلابنى ئاداققىچە ئېلىپ بارايلى !ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق ئىرادىسىگە ئاساسلىنىپ مىللىي ئالاھىدىلىك بويىچە بەلگىلەنگەن چېگرالاردىن باشقا چېگرا بولماسلىقى كېرەك، بۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك ساداسىدۇر، دەپ كۆرسەتكەن .

باكونىس يەنە: بىز ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇش ھوقۇقىنى تۇرغۇزۇۋالدۇق، تەنتەنە بىلەن جاكارلايمىزكى، بارلىق سلاۋيان مىللەتلىرى بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق مۇستەقىللىققا ئېرىشىشلىرى كېرەك.

ماركس بىلەن ئېنگىلس باكونىسنى تەنقىدلەپ:

بۇنداق سۆز ئىبارىلەر قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ، لېكىن تارىخ ۋە سىياسەت ساھەسىدە ھەرقانداق نەرسىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، دېگەن.
بۈگۈن سلاۋيان مىللەتلەر چېخلار، سلاۋاكلار، خارۋاتلار، سېرپلار، كىرۇدىيىلىكلەر، قارا تاغلىقلار ئارقا – ئارقىدىن مۇستەقىللىق جاكارلىدى.
تارىخ ۋە سىياسەتنىڭ باكونىنىڭ توغرىلىقىنى، باكونىنى نەزەرىيىنىڭ مۇتلەق توغرىلىقىنى، ماركىس بىلەن ئىنگلىسنىڭ ھارامزادە ئىكەنلىكىنى ھاياتلىق ۋە تارىخنىڭ پاكىتلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى.
بۇنىڭدىن كېيىن ختاي مۇستەملىكچىلىرى مىللەت توغرىسىدا <قانۇن> تۈزگەندە ماركىس بىلەن لېنىنىنىڭ ئىسمىنى ئىشلەتمەي كېرەك بولغاندا باكونسنىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە باكونىنىڭ ئىسمىنى ئىشلەتكەن بولسا توغرا بولاتتى. ھەيرانمەن ساختىپەزلەر نېمىشقا ئىنسانىيەتنى ئالدايدۇ، يەنە نېمىشقا ئىنسانىيەت ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقى ئىنسانلىرىنى سۆيمەيدۇ؟ ھەيرانمەن !

## شەكلى ئۆزگىرىدىغان مەزمۇنى ئۆزگەرمەي قوشۇلۇپ تۇرىدىغان <قانۇن>

2006 – يىلى 6 – ئاينىڭ 24 – كۈنى
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاتالمىش تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى 1984 – يىلى 5 – ئاينىڭ 31 – كۈنى 6 – نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 2 – قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللانغان جەمئى 67 ماددىلىق <قانۇن> ئىدى. بۇ قېتىم 2001 – يىلى 2 – ئاينىڭ 28 – كۈنى 9 –نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 20 – سانلىق يىغىنىدا، ئاتالمىش مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>نىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ئىمىش.
ۋاقىت ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئافغانىستانغا يەنە تېررورىستلارغا ھەربي يۇرۇش قىلغان ۋاقتىغا، غەرب ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ

كەلگەن ۋاقىتتا توغرا كەلگەن. خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى نېمىشقا مۇشۇنداق سەزگۈر ۋاقىتتا <قانۇن> ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدى؟ بۇ قېتىم مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>ى 74 ماددىلىق <قانۇن> قىلىپ ئۆزگەرتىلىپتۇ.

1 . ئۆزگەرتىلگەن ۋە خىتاي بۇ مىللەتنىڭ بالايى – ئاپەت نەپسىگە باغلىق تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>نىغا قوشۇلغان مەزمۇنلار خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كىرىشىگە <قانۇن>ى ئاساس يارىتىپ بېرىشنى سىياسى مەقسەت قىلىدۇ.

2 . يۇقىرىقى مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا مەبلەغ سېلىشى بۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈرۈپ چىقىشقا <قانۇن>ى ئاساس يارىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

3 . غەربىنى ئېچىش سىياسىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىلگەن مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>ى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ۋە خىتاي مەملىكەتلىك مونوپولىيە كارخانىلىرىنىڭ مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاننى بۇلاڭ – تالاڭ قىلىشىغا <قانۇن>ى ئاساس يارىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

مەسىلەن، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>نىنىڭ 65 – ماددىسىدا: <دۆلەت ئىقتىسادى تەرەققى قىلغان رايونلاردىكى كارخانىلارنىڭ ئۆزئارا پايدا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بېرىپ مەبلەغ سېلىشىغا، ھەرخىل شەكىلدىكى ئىقتىسادى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ> دېيىلگەن.

58 – ماددىسىدا: يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى... شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىقتىسادى تەرەققى قىلغان رايونلاردىكى كارخانا باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى

كارخانىلارغا بېرىپ ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئىلھام بېرىشى لازىم> دېيىلگەن .

56 – ماددىسىدا: < دۆلەت بىر تۇتاش ئومۇمى پىلانغا ۋە بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش تۈرلىرىنى ۋە ئاساسى مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلىرىنى ئالدى بىلەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ> دېيىلگەن .

دېمەك، بۇ ماددىنىڭ مۇشۇ مەزمۇنىدا ئاتالمىش دۆلەت، ئاتالمىش مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>نىڭ ماددىلىرىغا ئاساسلىنىپ ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئاستى بايلىقىنى ئېچىشنى دۆلەت مونوپولىيە قىلىدۇ، دېمەكچى بولىدۇ.

شۇ <قانۇن>نىڭ 43 – ماددىسىدا : <مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئاقما نوپۇسنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ> دېيىلگەن. بۇ دېگەنلىك خوتەندىن، قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە كەلگەنلەر ئاقما نوپۇس بولىدۇ؛ خۇنەندىن، سەندۇڭدىن كۆچۈپ كەلگەن خىتايلار ئاقما نوپۇس ھېسابلانمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ھازىرغىچە بىر كۆچمەن خىتاي بۇ <قانۇن>نىڭ روھى بويىچە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىپ قالغىنى يوق.

ئاتالمىش مىللى تېررىتورىيىلىك <قانۇن>نىڭ 10 – ماددىسىدا: <مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل- يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىگە، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ – ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەت قىلىدۇ> دېيىلگەن.

ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەشكىللەنگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتى بۈگۈن خىتاي تىلىنىڭ تەھدىتىگە دۈچ كەلدى. باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالي مەكتەپكىچە ئۇيغۇر تىلى دەرسخانىلاردىن قوغلاپ چىقىرىلدى. خوش، <قانۇن> شەرھلىگۈچىلەر مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>نىنىڭ 10 – ماددىسىنى قانداق شەرھلەپ بېرىدۇ، بىزگە ؟

شۇ قانۇننىڭ يەنى مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>نىڭ 37 – ماددىسىدا: <ئەھۋالغا قاراپ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تۆۋەن سىنىپلىرىدىن (ئەسلى <قانۇن>دا يۇقىرى سىنىپلىرىدىن) باشلاپ خەنزۇ تىلى دەرسىنى تەھسىس قىلىش ۋە خەنزۇ يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش> دېيىلگەن. كۆرۈپ ئۆتتۇق، 10 – ماددىسىدا: مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل – يېزىقىنى قوللىنىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكى> دېيىلگەن. قايسى راست، <ئۆز تىلىنى راۋاجلاندۇرۇش> راستمۇ ياكى <خەنزۇ يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش> راستمۇ؟

ئادەتتە ھەقىقى تۈزۈلگەن <قانۇن>دا لوگىكىلىق پىكىر مۇجمەل بولمايدۇ، لوگىكىلىق پىكىر چۇۋالچاق سېستىمىسىز، زىددىيەتلىك ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ؛ <قانۇن>نىڭ ھەربىر ماددىسى يېتەرلىك ئاساسقا تايىنىپ، سىستېمىلىق ئىچكى تۈزۈلۈشكە ئىگە بولىدۇ. ھۆكۈملەنگۈچى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى لوگىكىلىق بىر تەرەپ قىلغاندا <قانۇن>نىڭ بىر ماددىسى يەنە بىر ماددىسىنى ئىنكار قىلمايدۇ. مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>نى بۇ <قانۇن> ئەمەس. چۈنكى، لوگىكىلىق يېتەرلىك ئاساسىنى تەييارلىمىغان. ئىجتىمائىيلاشقان تۈرمۇش ئاساسى يوق. پەقەت خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ سىياسى خىتاپنامىسىنى ماددىلاشتۇرغان ساختا <قانۇن>دۇر خالاس .

## ئورمانچىلىق <قانۇن>ىمۇ ياكى ئاپتونومىيە <قانۇن> ىمۇ؟

2006 – يىلى 6 – ئاينىڭ 29 – كۈنى

ئاتالمىش مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>نىڭ 27 – ماددىسىدا: <مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يايلاق ۋە ئورمانلارنى مۇئاپىزەت قىلىدۇ ۋە بەرپا قىلىدۇ، كۆچەت – جىرىم تىكىش ۋە ئوت – چۆپ تېرىشقا تەشكىللەتچىلىق قىلىدۇ ۋە ئىلھام بېرىدۇ. ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسىنىڭ يايلاق ۋە ئورمانلارغا ھەرقانداق ۋاستە بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى مەنئى قىلىدۇ. يايلاق ۋە

ئورمانلاردا ئوت – چۆپ ۋە دەل – دەرەخلەرنى ۋەيران قىلىپ تېرىلغۇ يەر ئېچىشنى مەنئى قىلدۇ> دېيىلگەن .

مەدەنىيەتسىز بىر مىللەت خىتاي، مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاتالمىش <قانۇن>نىڭ مۇشۇ ماددىسى ئارقىلىق ھاقارەت قىلدى. بىر مىللەتنىڭ ھوقۇقلىرى توغرىسىدا تۈزۈپ چىقىلغان بىر پارچە <قانۇن> <ئورمانچىلىق>، <بوز يەر ئېچىش>، <يايلاق باشقۇرۇش> مەسىلىلىرىنى تىلغا ئېلىپ ماددىلاشتۇرۇشى كېرەكمىدى؟ بۇ مەسىلىلەر ئىپتىدائى دەۋرلەرنىڭ ئىپتىدائى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە تەئەللۇق ئەمەسمىدى؟ باشقا مەملىكەتلەردە ئورمانچىلىق، يايلاق باشقۇرۇش، بوز يەر ئېچىش ئاللىقاچان ھازىرقى زامان تېخنىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلار، قازاقلار تەبىئەتكە ئىپتىدائى مۇئامىلە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىپتىدائى شەكلىنى ساقلاپ قېلىۋەردى. مىلادى 21 – ئەسىرگە يېتىپ كەلگەندىمۇ، مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتكە مۇناسىۋەتلىك تۇرمۇشىدا ھەرقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. شۇڭا خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتىپ بەلگىلىگەن سىياسەتلىرىدە ۋە ئۇيۇرلارغا تۈزۈپ بەرگەن <قانۇن>لىرىدا، خىتايلارنىڭ نەزەرىدىكى <ئىپتىدائى مىللەت> ئۇيغۇرلارغا ئىپتىدائى مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۇسۇل – چارىلىرىنى ئاتالمىش <قانۇن> ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەنمۇ؟

ئاتالمىش مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>نىنىڭ 27 – ماددىسى خىتاينىڭ ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن مەقسىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى. ئۇيغۇرلار ئەلمىساقتىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە تارقاق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن كېيىن ھەم شۇنداق تارقاق ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك، دېمەكچى بولدى. شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>نىڭ 27 – ماددىسىدا، خىتاي

مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرلارنى تەپ – تارتماي، جۇرئەتلىك هالدا هاقارەت قىلالىدى.
مۇبادا ئۇيغۇرلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە بولسا ئىدى، يېزا ئىگىلىك مەدەنىيتى ئاساسىدا هازىرقى زاماننىڭ سانائەت مەدەنىيتىنىمۇ ياراتالىغان، بەرپا قىلالىغان بولاتتى. چارۋىچىلىق ۋە دېهقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى هازىرقى زامان تېخنىكىسى ۋە ئىلىم – پەننىڭ نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرەلىگەن بولاتتى.
ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى <قانۇن>غا كىرگۈزۈۋېلىش ئەمەلىيەتتە تەبىئەت ئۇيغۇرلارغا ئاتا قىلغان تەبىئى هوقۇقلارنى مۇستەملىكە جەمئىيەت تارتىۋېلىش دېگەنلىكتۇر.
مۇبادا خىتاي مىللىتى ئاز – تولا ئىنسانپەرۋەرلىككە، ئاز – تولا ئەخلاق قاراشلىرىغا، ئاز – تولا تارىخ قاراشلىرىغا ئىگە بولغان بىر مىللەت بولسىدى، ياكى تارىخدا مۇستەملىككە باشقۇرۇش كۆرگەن بىر مىللەت بولسىدى، ئۇ هالدا مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>ى هەرگىز بۇ شەكىلدە تۈزۈلمىگەن بولاتتى .
مەن مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>ى ئىجتىمائىيلاشقان تۇرمۇش ئاساسى يوق <قانۇن> دەپ كۆرسەتكەن ئىدۇق. مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>ى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان تۇرمۇشنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن بولسا، ئۇ هالدا تۆۋەندىكى ئەقەللى مەزمۇنلارنى <قانۇن>غا كىرگۈزگەن بولاتتى. بۇ يەردە ئىگىلىك هوقۇق مەسىلىسىنى ئېغىزغا ئالمايلا تۇرايلى، بۇ <قانۇن> مۇستەملىكچى مىللەت، مۇستەملىكە قىلىنغۇچى مىللەتكە تۈزۈپ بەرگەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>ى ئىكەن.
1 . مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقى <قانۇن> ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پرىنسىپلىرىغا ئاساسلىنىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش

هوقۇقلىرى ئېتراپ قىلىنغاندا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>ى باشقىچە شەكىلدە تۈزۈلگەن بولاتتى .

2 . مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق هوقۇقى <قانۇن> ئارقىلىق كاپالەتكە، ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئىمكانىيەتكە ئىگە بولغان بولاتتى. ئىرىق يوقىتىش، قۇل قىلىش چەكلەنگەن بولاتتى .

3 . مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك هوقۇقى يەنى مىللەت ياكى ئىرىقلار كەمسىتىشكە ئۇچرىماسلىقى، بىردەك باراۋەر بولۇشى مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>ىدا گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى.

4 . مىللەتنىڭ تەرەققىيات هوقۇقى يەنى بارلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش هوقۇقلىرىغا ئىگە، دېگەن پرىنسىپ، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>ىغا مەزمۇن ئەۋزەللىكىدە بىر ماددا قىلىپ كىرگۈزۈلگەن بولاتتى .

بۇنىڭ ئىچىدە بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش هوقۇقى مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>ى تۈزۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىنغان بولاتتى ياكى لوگىكىلىق تىل بىلەن ئېيتقاندا <قانۇن> تۈزۈشكە يېتەرلىك ئاساس بولغان بولاتتى. ئۇقۇمدىن ئۇقۇم تۇغۇلاتتى، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>نىڭ رامكىسىنى دەسلەپكى تەلەپلەر دائىرىسىدە تۇرغۇزۇلغان بولاتتى – دە، <قانۇن>نىڭ قۇرۇلمىسى ئۇ هالدا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقلىرىنى ماددىلاشتۇرغان شەكىلدە تۈزۈلگەن بولاتتى.

ئەپسۇسكى نۆۋەتتىكى مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە <قانۇن>ى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى ئارزۇلىرىغا، ئوبيېكتىپ رېئاللىقىغا ماس كەلمىدى. قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاش ۋە رەت قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش شۇڭا يېرىم ئەسىردىن بېرى توختىماي داۋام قىلىۋاتىدۇ .

## خۇ جىنتاۋ ئەپەندى نېمە دەيدۇ؟

2006 – يىلى 6 – ئاينىڭ 30 – كۈنى

جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ ئەپەندى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 85 يىللىقىنى خاتىرلىگەندە ئۇزۇن دوكلات بېرىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقى توغرىسىدا كۆپ توختالدى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ماركسىزىمچى، لېنىنىزىمچى پارتىيە قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولدى. <كوممۇنىستىك پارتىيە ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىدۇ> ، <كوممۇنىستىك پارتىيە تۆتكە پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ> ۋەھاكازا، ۋەھاكازا .

خۇ جىنتاۋ ئەپەندى يەنە : <ماركسىستىك پارتىيە ئىلغارلىقتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك> ، <ماكسىسزىمنىڭ قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۇرۇش كېرەك>، <ئىلغارلىق ماركسىزىمچى پارتىيىنىڭ خاسلىقى>، <ماركسىزىمچى پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى قولغا كەلتۇرۇشى ئۇڭاي ئىش ئەمەس>، <تەرەققىي قىلىۋاتقان ماركسىزىم بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش كېرەك> ۋەھاكازا، ۋەھاكازا .

خوش، خۇ جىنتاۋ ئەپەندى، بىر جۈملىگە خۇلاسلاپ راست گېپىمىزنى ئېيتساق ماركسىزىم 19 – ئەسىر ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئىنكاسى بولۇپ، ماركسىزىم ياۋروپا كاپىتالىزىم دەۋرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ماركسىزىمنىڭ قائىدىلىرىنى بىر دۆلەتنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۇرۇشكە توغرا كەلسە، غەربىي ياۋروپالىقلار، شىمالىي ياۋروپالىقلار شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى.

كىرىپوستونويىلۇق، پانچىلىق تۈزۈم ھۆكۈم سۈرگەن روسىيىدە ماركسىزىمغا ئورۇن يوق ئىدى. يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگودا ماركسىزىمغا تېخىمۇ ئورۇن يوق ئىدى. شۇڭا روسىيىنىڭ كىرىپوستونويىلۇق جەمئىيەت ئەھۋالىغا ماركسىزىم ماس كەلمەيتتى، جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت ئەھۋالىغا ماركسىزىم ماس كەلمەيتتى.

روسىيىدە لېنىن، ستالىنلار روس خەلقىنى ماركسىزىم بىلەن قانداق ئالدىغان بولسا، جۇڭگودا چېن دۇشيۇ، جاڭ گوتاۋ، ۋاڭ مىڭ، لى داجياۋ،

ماۋ زېدۇڭلارمۇ جۇڭگو خەلقىنى شۇنداق ئالدىغان ئىدى. جۇڭگودا ماركسىزىمنى نىقاپ قىلىش، ماركسىزىمنى سوئى ئىستىمال قىلىش، ماركسىزىمنى دوگمىغا ئايلاندۇرۇش، ماركسىزىمنى دىنغا ئايلاندۇرۇش، ماركسىزىمنى كۈڭزىنىڭ، مىڭزىنىڭ تەلىماتىغا بويسۇندۇرۇش، ماركسىزىمنى چاكىنىلاشتۇرۇش، ماركسىزىمنى ئاسىياچە زوراۋانلىققا ماسلاشتۇرۇش، ماركسىزىم دېگەن ئىسىم ئارقىلىق پۇقرالارغا پوپوزا ئىشلىتىش، جۇڭگودا ھېلىھەم داۋاملىشىپ كەلدى.

ئەينى چاغدا ماركسىزىمچى پىلخانوپ، ماركسىزىمنىڭ سىنىپى كۈرەش تەلىماتى توغرىسىدا توختالغاندا: <ئەپسۇسكى بىز خەلقنى بىر – بىرىگە زىتلاشتۇرۇپ قويىمىز، خەلق بىر – بىرىگە نەيزە كۆتۈرۈپ مۇئامىلە قىلىدۇ، خەلقنى ئىككى گۇرۇپپىغا – بىر – بىرىگە تىغ كۆتۈرىدىغان گىلاداتورلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىمىز> دېگەن ئىدى ۋە ماركسىزىمدىن ۋاز كېچىپ خىشۋىككە ئايلىنىپ كەتكەن .

ھەتتا ماركسىزىمنى ئىجاد قىلغان ماركسنىڭ ئۆزىمۇ ماركسىزىمچى ئەمەس ئىدى. چۈنكى كوممۇنىستلار خىتاپنامىسىنى يازغان ماركس دوستى ئىنگلىس بىلەن بىرلىشىپ سىياسى پارتىيە – كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇپ چىقالمىغان ئىدى. ماركسىزىم پەيدا بولۇپ 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىزىمنىڭ دۇنيادا ئاقمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن ماركسنىڭ قىزى لاۋلا لاپاگ ئېرى بىلەن بىللە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئىدى.

ماركسىزىمنى پۇختا ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن ياكى روسىيىنىڭ <رئال ئەمەلىيىتى>گە بىرلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، لېنىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى غەلبىگە يېتەكلىگەن ئەمەس، ئەكسىچە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ روسىيىدە غەلبە قىلىشىغا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى زېمىنى ۋە شارائىت تەييارلاپ بەرگەن ئىدى.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگودا <غەلبە قىلىشى> ياكى ئاتالمىش جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگودا <غەلبە قىلىشى> قانداقتۇر ماۋ

زېدۇڭ ياكى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ <ئەمەلىيىتى>گە تەتبىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن بەلكى، جۇڭگو <ئىنقىلابى>نىڭ <غەلىبە قىلىشى>غا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ زېمىن ۋە شارائىت تەييارلاپ بەرگەنلىكىدۇر .
شۇڭا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزمچى پارتىيە دېسە كۈلگىمىز كېلىدۇ. ماۋ زېدۇڭ، جياڭ زېمىنلارنى ماركسىزمچى دېگەن كىشىلەر بىزنى يەنە كۈلكىگە ۋە مەسخىرە ئارىلاش كۈلكىگە قىستايدۇ .
شەرقىي ياۋرۇپادا، روسىيەدە كوممۇنىزم، ماركسىزم گۇمران بولدى، خىتاي كوممۇنىستلىرى ماركسىزم – لېنىنىزمنى جان قۇتقۇزۇش پاخلى ئورنىدا ساقلاپ قېلىپ، نەزەردىن چۈشكەن ھاكىمىيىتىنى ماركسىزم – لېنىنىزم ئارقىلىق قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا ماركسىزمنىڭ ئىزىم بولۇش قىممىتى ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا ماركسىزمنىڭ بىر نەزەرىيىۋى ھادىسە، ئىلمى ھادىسە بولۇش قىممىتىمۇ ئاللىقاچان تۈگەشتى.
بۈگۈن زادى ماركسىزم خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالامدۇ ياكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزمنىڭ جۇڭگودا گۇمران بولۇشىنى تاماشا قىلامدۇ؟ ئىشىنىمىزكى خىتاي كوممۇنىستلىرى ماركسىزمنى ساقلاپ قالالمايدۇ، شۇنداقلا ماركسىزممۇ خىتاي كوممۇنىستلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ .
جۇڭگولۇقلار 60 – يىللاردا كوممۇنىزم قۇرماقچى بولدى، مەغلۇپ بولدى. سوتسىيالىزىمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى بەرپا قىلماقچى بولدى، مەغلۇپ بولدى. جۇڭگوچە ماركسىزم تىكلىمەكچى بولدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرماقچى بولدى، مەغلۇپ بولدى. جۇڭگونىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئاستا – ئاستا كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى بەرپا قىلىشقا يۈزلەندى. جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا كوممۇنىستىك پارتىيە ۋاقتى ئۆتكەن پارتىيىگە ئايلىنىپ قالدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جانجان مەنپەئەت ئالدىدا تەلەپچان بولۇپ

قالدى. قىسقىسى جۇڭگو جەمئىيىتى ئويغىنىشقا باشلىدى. ماركسىزم جۇڭگوغا كېرەك بولماي قالدى. لىبېرالىزم جۇڭگوغا كېرەك بولۇپ قالدى. داڭلىق ئادۋوكات گاۋجى شىڭ <ختاي كوممۇنىستلىرى هالاك بولۇشقا يۈزلەندى> ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا :<بىر يېرىم يىل بۇرۇن كىمدۇ بىرسى ماڭا، جۇڭگو پۇقرالىرى بىر نەچچە يىل ئىچىدە كوممۇنىستىك پارتىيىدىن ۋاز كېچىدۇ، دېگەن بولسا ئانچە ئىشەنمىگەن بولاردىم، بۈگۈن ئەگەر بىرسى ماڭا، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەتىلا گۇمران بولىدۇ، دېسە قىلچىمۇ ھەيران قالمايمەن> دەپ، كۆرسەتتى .

## ئۇيغۇر قىزلىرىنى يۆتكەپ سېتىش

2006 – يىلى 7 – ئاينىڭ 7 – كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى 2006 – يىلى 6 – ئاينىڭ 5 – كۈنى ئادەم يۆتكەپ سېتىش ۋە ئادەم يۆتكەپ سېتىشقا زەربە بېرىش توغرىسىدا دوكلات ئېلان قىلدى. قوشۇمچە دۆلەت ئىشلار كاتىپى كاندىلىزا رايىس خانىم خەلققە قارىتىپ بىر پارچە خەت يازدى .

خەتنىڭ 1 – ئابزاسىدا: كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوللىنىپ ئادەم يۆتكەپ سېتىشنى چەكلەش كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى بىر نىشان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەر شارىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر دەپ، كۆرسىتىلدى.

خەتنىڭ 2 – ئابزاسىدا: پرېزىدېنت بۇشنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىستراتېگىيىسى يەنى مۇستەھكەم ئېتىقادىمىزنى قايتا شەرھلەپ، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۈنۈملۈك بولۇش، مۇقىم بولۇشتىن ئىبارەت ئۈزۈن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت قايتا تەكىتلەندى. بۇ تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت زوراۋانلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇش، ئەركىنلىكنى تەرغىب قىلىش، ئىنساننىڭ قەدىر – قىممىتىنى قوغداشنى نىشان قىلاتتى. جۈملىدىن ئادەم يۆتكەپ سېتىشنى چەكلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى دەپ، كۆرسىتىلدى.

ئەمدى بىز نەزەرىمىزنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارغا ئاغدۇرايلۇق .
مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى< تەڭرى تاغ تور بېتى> دە 6 – ئاينىڭ 3 – كۈنى مۇخبىر بەي يۈنىڭ بىر پارچە خەۋىرى ئېلان قىلىندى:
<ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مارالبېشىدىن كەلگەن 19 ياشلىق 200 نەپەر ئۇيغۇر قىز ئۇرۇمچى پويىز ئىستانسىسىنىڭ يېنىدىكى بىر مېھمانخانىنىڭ 4 – قەۋىتىدە كارىدوردا بىر – بىرىنى قىستىشىپ تۇراتتى. ئاڭلىق ھالدا تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن 200 نەپەر ئۇيغۇر قىزنىڭ ئاۋازى بىر – بىرىگە قوشۇلۇپ ناھايىتى زور شاڭلىق ئىچىدە بايرام كۈندىكىدەك قىزغىن ساداغا ئايلانغانىدى>.
مۇخبىر بەي يۈن خەۋىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:
بۇ ئۇيغۇر قىزلىرى تۈنجى قېتىم ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، تۈنجى قېتىم پويىزغا ئولتۇرۇپ، ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت 2 دە تۈنجى قېتىم شىنجاڭدىن ئايرىلىپ تيەنجىن شەھرىنىڭ شيەنفىڭ كىيىم تىكىش زاۋۇتىغا ئىشچى بولۇپ ئىشلەشكە يولغا چىقىدۇ> .
مۇخبىر بەي يۈن ئەيمەنمەستىن، تەپ تارتمىدى، قانداق قىلالايسەن قىزلىرىڭنى ئىچكىرى خىتايغا ئېلىپ كېتىمىز، پاھىشە خانىلارغا ساتىمىز، ئەرلىرىڭنى ھەزىلەك قىلىۋېتىمىز دېگەندەك خىتاي مۇستەملىكچى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مۇستەملىككە سىياسىتىنى مۇخبىر بەي يۈن مۇنداق جاكارلىدى:
<يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش، ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندىن مەجبۇرى يۆتكەش، ئېكسپورت قىلىش 2002 – يىلىنىڭ ئالدى – كەينىدە كەڭ كۆلەمدە باشلانغاندىن كېيىن بىرنەچچە يىللىق تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرۈپ، خىتاي ۋە ئۇيغۇر دەللاللار ئەمگەك كۈچى تەشكىللەشنى ئاساس، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى يېتەكچى قىلىش ئارقىلىق ئەمگەك كۈچلىرىنى بازارلاشتۇرۇش ھەرىكىتى ئاللىقاچان شەكىللىنىشكە باشلىدى> .

مۇخبىر بەي يۈن: دېھقانلارنىڭ كۆزقاراشلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى قەلەمگە ئالغاندىن كېيىن مارالبېشى ناھىيىلىك ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى ئابلىكىم ئېلىنىڭ مۇخبىرغا: >ئۇيغۇر قىزلىرى تيەنجىنگە بېرىپ خىزمەتكە چۈشۈشتىن ئاۋۋال، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ پۇل چىقىرىپ ئۇلارغا خىتاي تىلى ئۆگىتىپ تەربىيىلىگەنلىكىنى، تيەنجىن شيەنفىڭ كىيىم تىكىش زاۋۇتى 210 ئادەمنى ئىشقا ئالىمىز دېگەن بولسىمۇ، 500 نەپەر ئۇيغۇر قىزنىڭ تىزىملاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى< دەپ يازدى.

مارلبېشى ناھيىلىك قورچاق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتيى كادىرلار بۆلۈمى، ئەمگەك كومىتېتىنىڭ دىرېكتورى ئامانگۇل : 15 – 5 – يىللىق پىلان مەزگىلىدە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى 6000 يۈەنگە يەتكۈزۈش نىشان قىلىندى، دېھقانلارنىڭ  ئۆتكەن يىلى يىللىق كىرىمى 1700 يۈەن بولدى. كىرىم قىلىش نىشانىنى دېھقانچىلىقتا تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئەمگەك كۈچلىرىنى (ئۇيغۇرىستاندىن ئىچكىرى خىتايغا) ئېكسپورت قىلىشنى نېگىزلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئايلاندۇرۇپ، سىرتقا چىقىپ ئەمگەك قىلىشنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ مەنبىئىگە ئايلاندۇرىمىز، دېدى.

دەللال ئابلىكىم ئېلى، دەللال ئامانگۇل مارالبېشى ناھيىسىدە ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا ئەمگەك كۈچى ئورنىدا ئېكسپورت قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 19 ياشلىق تۇرسۇنگۇل ئىسىملىك ئۇيغۇر قىز، تيەنجىندە كىيىم تىكىش زاۋۇتى ئايلىقىمىزغا 400 يۈەندىن پۇل بېرىدۇ، دەپ خوش بولدى.

ئۇيغۇر قىزلىرى قەيەرگە بارسىلەر؟ يۇرتۇڭلار، ۋەتىنىڭلار قەيەردە قالدى؟ ئۇيغۇر قىزلىرى قەيەرگە بارسىلەر، ئاتا – ئاناڭلار، ئۇرۇق – تۇغقانلىرىڭلار، يارۇ – بۇرادەرلىرىڭلار قەيەردە قالدى؟ سىلەر ئىختىيارى تىزىمغا ئالدۇرمىدىڭلار، سىلەر تيەنجىنگە بېرىشنى ئىختىيارى تاللىۋالمىدىڭلار!

خىتاي مىللەتچىسى ئەمما بىر ساۋاتسىز مىللەتچى ۋاڭ لې چۈەن سىلەرنى تيەنجىنگە ئېلىپ بېرىپ خىتايلارغا دېدەك قىلىپ بەرمەكچى بولدى. سىلەرنى تيەنجىنگە ئېلىپ بېرىپ ئادەم بېدىكلىرىگە سېتىپ بەرمەكچى بولدى. سىلەرنى تيەنجىنگە ئېلىپ بېرىپ ئوپېراتسىيە قىلىپ يۈرىكىڭلارنى، جىگىرىڭلارنى سۇغۇرۇپ چىقىرىۋېلىپ، چەت ئەللىك بىمارلارغا سېتىپ پايدا ئالماقچى بولدى. تېخىمۇ ۋەھشى تەرىپى شۇكى مۇستەملىكچى ۋاڭ لې چۈەن سىلەرنى تيەنجىندە پاھىشە خانىلارغا سېتىپ بېرىپ، پۇل تاپماقچى بولدى. تېخى بۇ ئىشلار چۈشۈڭلەرگىمۇ كىرمىگەندۇ، ئۇيغۇر قىزلىرى... !

دۆلەت ئىشلار كاتىپى كاندىلىزا رايىس خانىم خەلققە يازغان خېتىدە نىپالدىن كېلىپ، ھىندىستاندا پاھىشە خانىغا سېتىلغان 12 ياشلىق قىز رىنانىڭ ھېكايىسىنى تىلغا ئالدى، فىلىفىندىن كېلىپ سەئۇدى ئەرەبىستاندا پۇلدار خوجايىنغا سېتىلغان قىز سىرىنانى تىلغا ئالدى.

كاندىلىزا رايىس خانىم قاچان تۇرسۇنگۈلنى ئېغىزغا ئالىدۇ؟

غەرب مۇستەملىكچىلىرى ئافرىكىدىن قارا تەنلىكلەرنى ئۆز دۆلىتىگە يۆتكەپ قۇلغا ئايلاندۇرغاندا ئەرلەرنى يۆتكەپ كەتكەن. مىللەتچى ۋاڭ لې چۈەن نىمىشقا ئۇيغۇرنىڭ قىزلىرىنى تاللىۋالدى. چۈنكى قىزلار قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ، - دە! ئۇيغۇرلار روھى جەھەتتە تۈگەشتى، ئۇيغۇر ۋىجدانى جەھەتتە ھالاك بولدى، شۇڭا ئۇيغۇر ئەرلىرى خىتاي كۆچمەنلىرىگە قۇل بولدى، ئۇيغۇرنىڭ قىزلىرى تيەنجىنگە خىتايلارغا، پاھىشە خانىلارغا سېتىلىشقا باشلىدى. خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىنى ئىگىلەشكە باشلىدى. بۇ دۇنيا، ئەسلى شۇنداق دۇنيامىدى؟

### يۆتكەشمۇ ياكى يۆتكەپ سېتىشمۇ؟

2006 – يىلى 7 – ئاينىڭ 21 – كۈنى

ئۇيغۇر يېزا – كەنتلىرىدە <ئىشىندى> ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىش، مۇستەملىككە ئۇيغۇرستاندا خىتاي

كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتىنىڭ ئالاھىدە مۇستەملىككە سىياستى ۋىلۇپ بەلگىلەندى. خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى ئۇيغۇرستاننى تېخىمۇ مۇستەملىكىلەشتۇرۇش – دىنى ئېتىقادتىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىش، ئۇيغۇرلارنى ئۆزگە خاس دۇنيا قاراشتىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىشتىن ئىبارەت سىياسەتنى جىددى يولغا قويۇپ، غەرب مۇستەملىكچىلىرى ئافرىكا قىتئەسىنى، ئافرىكا خەلقىنى قانداق شەكىلدە مۇستەملىككە قىلغان بولسا، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى ئۇيغۇرستاننى ھەم شۇنداق شەكىلدە مۇستەملىككە قىلىشنى باشلىۋەتتى.

مۇستەملىكچى دۆلەتلەر – غەرب مۇستەملىكچىلىرى ئافرىكا قىتئەسىنى ئەينى چاغدا قانداق شەكىلدە خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندۇرغان، يەنە قانداق شەكىلدە ئەمگەك كۈچلىرى مەنبەئەسىگە ئايلاندۇرغان بولسا، خىتاي كوممۇنىست مۇستەملىكچىلىرى بۈگۈن ئۇيغۇرستاننى خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندۇرغاندىن سىرت، ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى تامسىز، غەرەزسىز، مەقسەتسىز ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى قۇللارغا ئايلاندۇردى.

2005 – يىلى 9 – ئاينىڭ 30 – كۈنى <جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى>نىڭ (2005 – 7 – نومۇرلۇق قىزىل باشلىق ھۆججەتى) ئېلان قىلىندى. <جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تىرىشىپ كۆپەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى> قىزىل باشلىق ھۆججەتكە قوشۇمچە ماۋزۇ قىلىپ قويۇلدى.

قىزىل باشلىق ھۆججەتنىڭ 6 – ماددىسىدا: <ئۇيغۇر يېزا – كەنت ئېشىندى ئەمگەك كۈچلىرىنى كۆپ يوللار ئارقىلىق يۆتكەش، دېھقانلارنى تەربىيىلەش، ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش، كۆز قاراشلىرىنى يېڭىلاش، يېزا – كەنتلەردىن چىقىپ كېتىپ ئىقتىسادى كىرىمنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئىزدەش، سىياسەتنى قويۇپ بېرىپ كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا يېتەكلەپ، يېزا – كەنتلەردىكى

<ئېشىندى> ئەمگەك كۈچلىرىنى تېرىقچىلىقتىن كۆپ خىل ئىگىلىككە، خۇسۇسىي كارخانىلار تىجارىتىگە يۆتكەش، 15 – 5 يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېزا – كەنتلەردىكى ئېشىندى ئەمگەك كۈچلىرىدىن 300 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەپ چىقىپ، چەت – ياقا جايلاردا يىل بويى تىجارەت قىلىدىغان كىشىلەرنى 60 مىڭدىن كۆپرەك كىشىگە يەتكۈزۈپ، ئەمگەك كۈچلىرىدىن 20 مىڭ كىشى ئەتراپىدا تېزلىك بىلەن شەھەر ۋە بازارلارغا يۆتكەپ چىقىپ، دېھقانلارنىڭ غەيرى يېزا ئىگىلىكىدىن كىرگەن كىرىمىنى 30% تېزلىك بىلەن كۆپەيتىش> دەپ قارار قىلىندى.

300 مىڭ نەپەر ئۇيغۇر <ئېشىندى> ئەمگەك كۈچلىرىنى بىر قەشقەر ۋىلايىتىدىن يۆتكەپ چىقىدىكەن، قايسى شەھەرگە، قايسى بازارغا يۆتكەپ چىقماقچى؟ غۇلجا شەھىرىدىن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن، كورلا شەھىرىدىن، ئاقسۇ شەھىرىدىن ئۇيغۇرلار قوغلاپ چىقىرىلدى. ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى قايسى شەھەر، قايسى بازارغا ئورۇنلاشتۇرماقچى؟

400 نەپەر ئۇيغۇر قىز بىر پەيزاۋات ناھىيىسىدىن ئىچكىرى خىتايغا، تيەنجىنگە، جېجاڭغا ئېلىپ كېتىلدى. ئەمگەك نۆۋەت قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پوسكام ناھىيىسىگە كەلدى.

<شىنجاڭ گېزىتى>نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا: 7 – ئاينىڭ 13 – كۈنى چۈشتە پوسكام ناھىيىسىدىن كەلگەن 18 ياشلىق ئالمىگۈل ھاياجانغا چۆمۈپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە سەندۇڭغا بارىدىغان پويىزغا چىقتى. بۇلار سەندۇڭ، جىنەن، ۋىندىڭ قاتارلىق خىتاي شەھەرلىرىگە بېرىپ كىيىم تىكىش زاۋۇتىدا ئىككى يىل تىككۈچىلىكنى ئۆگىنىدىغان

بولدى. 18 ياشتىن 35 ياشقىچە ئۇيغۇر ياشلىرى تۈنجى قېتىم ياقا – يۇرتقا، خىتاي شەھەرلىرىگە ئىشلەمچى بولۇپ چىقتى. قىزلار كىيىم تىكىدۇ، ئەرلەر كۆلۈچ، ئامبۇر بىلەن ئىشلەيدۇ، دېدى.

خەۋەردە كۆرستىلىشچە ئىشلىگەن ئىشىغا قاراپ ھەر ئايدا 800 يۈەندىن 2000 يۈەنگىچە مائاش ئالار ئىمىش. ئەڭ تۆۋەن مائاشى 530 يۈەن بولار ئىمىش.
پوسكاملىق قىز ئالىمگۇل، ئۆيۈمدىن تۇنجى قېتىم ئايرىلدىم ئائىلەمدىكىلەر قوللىدى، ئەندىشەم يوق، دېگەن ئىمىش.
35 ياشلىق تۇرغۇن : مەن پوسكامدا، ئۆيۈمدە ۋېلسىپىت رېمۇنت قىلاتتىم. سەندۇڭنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈپ باقماقچىمەن. تېخنىكا ئۆگىنىمەن، تاپقان پۇلۇمنى ئۆيۈمگە ئەۋەتىپ بېرىمەن دېگەن ئىمىش.
خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا پوسكام ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى قەلبىنۇر: مەن سەندۇڭغا ئىچكىرى خىتايا بېرىپ بۇ ياشلارغا ئۈچ ئاي ھەمراھ بولىمەن دېگەن ئىمىش.
ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتلەر تەشكىللەيدىغان، قەلبىنۇر، ئامانگۇل، ئابلىكىم ئېلى قاتارلىق ئۇيغۇر دەللاللار، دەللاللىق قىلىدىغان، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسى سياسەت تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ لەن مىڭ قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايغا قايسى ئۆلكىگە يۆتكەپ كېتىشنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان، ئۇيغۇرستاندىن ئۇيغۇر كىشلەرنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىش زوراۋانلىقى 2002 – يىلى باشلاندى. ئۇيغۇر قىزلىرى... ئىچكىرى خىتايغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشار ئىمىش... ؟!
46 دۆلەت ئۇيغۇرستان نېفتلىكىنى تالان – تاراج قىلىشقا مەبلەغ سالىدىغان بولدى. ئىشچى كېرەك ئىدىغۇ؟ قازاقىستاننىڭ نېفتى ئۇيغۇرستان ئارقىلىق خىتايغا ئېقىپ بارىدۇ، ئىشچى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۇرۇمچىدىن شاڭخەيگە تەبئى گاز ئېتىقىش تۇرۇبىسى تارتىلدى. ئىشچى كېرەك ئىدىغۇ؟ نېفت قېزىش ئىش تەرتىپلىرىدە، نېفت يۆتكەش ئىش تەرتىپلىرىدە كىم ئىشلەيدۇ؟ خىتاي كۆچمەنلىرى ئىشلەيدۇ. يەرلىك ئۇيغۇرلار نېمىشقا ئۇيغۇرستاندىن ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلىدۇ؟

يوقىتىش، پۈتۈنسىرى مىللەت ئۇيغۇرنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش خىتاينىڭ مەقسەتلىك ئۇيغۇرنى يوقىتىش سىياستى بولۇپ بەلگىلەندى.

**زىددىيەتلەر ۋە زىددىيەتلەرنىڭ ئومۇملىقى**

2006 – يىلى 7 – ئاينىڭ 24 – كۈنى

جۇڭنەنخەيىنىڭ رەھبەرلىرى 10 – ئايدا بېيجىڭدە 6 – نۆۋەتلىك ئومۇمى يىغىن ئۆتكۈزمەكچى، دوكلاد ئاڭلىماقچى ۋە خۇجىنتاۋ ئەپەندىنىڭ ئىناق جەمئىيەت تەساۋۋۇرنى مۇھاكىمە قىلماقچى بولدى. ئىناق جەمئىيەت تەساۋۋۇرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئەمەلىيەتتە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشالمايۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. جۇڭگو جەمئىيىتىدە نۇرغۇن مەسىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتتى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىگە ئەگىشىپ، ھەرخىل زىددىيەتلەر كەسكىنلەشتى، ئېغىرلاشتى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئومۇملاشتى.

مەسىلەن، جەمئىيەتتە بەزى شەخسلەر جەمئىيەتنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈشكە باشلىدى، دۆلەت رەھبەرلىرى بۈگۈن پارىخور خىيانەتچىلەرگە ئايلاندى. مۇتلەق كۆپ سانلىق دېگىلى بولمىسىمۇ، كۆپ ساندىكى خىتاي ئەمەلدارلىرنىڭ خىيانەتچى، پارىخور ئىكەنلىكىگە پۈترالار ئىشىنىشكە باشلىدى. ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىش، باي، كەمبەغەللەر پەرقى تەرەققىيات ئۆلچەملىرنىڭ مۇۋازىنەتىنى يوقىتىپ قويۇش قاتارلىق بىر قاتار ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكىنى مەركىزى كومىتېت تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، بىراقلا ھەل قىلىشقا چارىسىز قالدى.

كېسەل بولسا دوختۇرغا بارالماسلىق، ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرالماسلىق، پۇل يوق ئائىلىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرەلمەسلىك، يىغىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا، ھەممىسى چىرىكلىشىشنىڭ كاساپىتىدىن بولغان ئىشلار ئىدى. چىرىكلىشىش – تۈزۈم ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش كېرەكمۇ

– يوق، دېگەن مەسلىگە بىرىپ تاقىلاتتى. مەركىزى ھۆكۈمەت ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەتسىز بولسىمۇ، ھېچبولمىغاندا ئەخلاق قاتلىمىدىن قول سېلىپ جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى كۈچىنى تەرتىپكە سېلىش كېرەك ئىدى. مەركىزى ھۆكۈمەت ئەگەر ئۇنداق قىلالمايدىكەن، جەمئىيەت ئىنتايىن خەتەرلىك باسقۇچقا كىرىپ قالاتتى.
مېنىڭچە ئەسلى يوق نەرسىنىڭ يىمىرىلىشى ئەسلا مەۋجۇت بولمايدۇ. خىتاي بۇ مىللەتنىڭ ئەخلاق قۇرۇلمىسى زادى نېمە؟
بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا خىتاي بۇ مىللەتنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى ئەخلاق نەزەرىيىسى بەرپا قىلالىغانمۇ؟ تەيۋەننىڭ سابىق پرېزىدېنتى لى دىڭخۇي خىتاي مىللىتىنىڭ ئەخلاقى ياكى خىتايچە ئەخلاق دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ جەۋھىرى ئۇستىدە توختالىغاندا: مېنىڭغۇ، مېنىڭ، ھەتتا سېنىڭمۇ، مېنىڭ دەيدىغان جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى خىتاي مىللى ئەخلاق ئەنئەنىسىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. شۇڭا بوزەكنى بوزەك قىلىش تارىختىن بېرى جۇڭگودا ئومۇملىشىپ كەلگەن دەپ كۆرسەتكەنتى.
ساڭا تەۋە نەرسە ساڭا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك، ماڭا تەۋە نەرسە ماڭا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك، نېمىشقا ھەممىلا نەرسە خىتايىنىڭلا بولۇشى كېرەك ئىكەن. شۇڭا بۇ يەردە خىتاي مىللىتىگە نىسبەتەن ئەخلاقتىن سۆز ئاچقاندا، ئىنسانلارغا خاس ئەخلاق قۇرۇلمىسى، جەمئىيەتكە خاس ئەخلاق قاتلىمى، نەزەرىيىگە خاس ئەخلاق نەزەرىيىسى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە خاس ئەخلاق ئادەتلىرىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.
بىر جەمئىيەتنىڭ زەئىپلەشكەن ئەخلاق قۇرۇلمىسىنى، ئەخلاق ئادەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك ئىكەن، ئاۋۋال ئىشنى راست سۆزلەشتىن باشلاش لازىم. جەمئىيەتتە ئادەتتىكى پۇقرالار راست سۆزلىشى كېرەك، جەمئىيەتتە بارلىق قاتلاملاردا، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا، سودا – تىجارەت سورۇنلىرىدا، مەتبۇئات ساھەسىدە ئادەملەر راست

سۆزلىشى كېرەك، راست سۆزلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەندە ئاندىن جەمئىيەتنىڭ مۇكەممەل ئەخلاق قاتلىمىنى تەييارلىغىلى بولىدۇ.

بىر پادىچى بىر قورا قوينى بېقىپ كۆپەيتكەن بولسا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە قويلىرىم پارا – پارا بولۇپ كۆپەيدى دېمەسلىكى كېرەك.

مۇستەملىكىچى خىتاي پارتىيىسى مۇستەملىككە ئۇيغۇرستانغا 55 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى، چىشىمىز چىققاندىن چىشىمىز چۈشكەنگە قەدەر بۇ پارتىيىنىڭ بىر قېتىم بولسىمۇ، راست سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. تېخى تۈنۈگۈنلا 85 يىللىقىنى خاتىرلىگەن پارتىيىنىڭ سېكرىتارى خۇ جىنتاۋ ئەپەندى <خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇكسەلدى> دېگەن جۈملىنى ئىشلەتتى. نېمىشقا زامانىۋېلىشىش ۋە تەرەققىيات جۇڭگودا 40 مىليون دېھقاننىڭ يەردىن ئايرىلىپ قېلىشىغا ئېلىپ كەلدى، دەپ سۆزلىمىدى؟

راست سۆزلەش دىنغا ئىشەنگەن ھەقىقى ئادەمنىڭ ھەقىقى ئادىتى ۋە ھەقىقى ئەخلاقى بولۇشى كېرەك ئىدى. دۇنيادا بالىرىق دىنلار راست سۆزلەشنى تەكىتلەيتتى. مەسىلەن، مۇستەملىككە ئۇيغۇرستاندا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى دىنغا شەك كەلتۈردى، ئېتىقادقا، ئاللاھقا بەيئەت قىلىشقا چەك قويدى. دىنى رەسمىيەت ۋە دىنى مۇراسىملارغا چەك قويدى. ئۇيغۇرنىڭ ئەخلاقى قۇرۇلمىسى يىمىرىلىشكە يۈزلەندى. بىر ئادەم بىر خىل سورۇندا بىر خىل ئادەم، سورۇندىن چۈشكەندە يەنە باشقا بىر خىل ئادەم بولۇپ قالدى. بىر ئادەم يارۇ – بۇرادەرلەر ئالدىدا باشقا بىر ئادەم، ئائىلە، بالا – چاقىسىنىڭ ئالدىدا يەنە باشقا ئادەم بولۇپ ياشىدى. ئادەم، ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك سالاھىيەتتىن ئايرىلىپ كەتتى، ئادەم يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك خاراكتېرىنى يېتىلدۈرەلمىدى. ئاخۇنۇم جىجىققا ئوخشاش سىزىپ بېرىلگەن سىزىقتىن چىقىپ كېتەلمىدى.

مۇستەملىكىچى خىتاي پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىر كۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىقمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت

بولۇپ تۇردۇ. جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئەخلاقنىڭ يىمرىلگەنلىكى (ئەسلى ئەخلاقمۇ قويۇق مىللەتقۇ، بۇ!) بۈگۈن جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلاب دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى دېرەك بەردى.

**ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش ھارپىسىدا تۇرغان جۇڭگو**

2006 – يىلى 7 – ئاينىڭ 31 – كۈنى

بۇ توغرىدا خىتاي ئالىملىرى نېمە دەيدۇ، قۇلاق سالايلۇق. 7 – ئاينىڭ 23 – كۈنى، خىتاي دېموكراتلىرى، سىياسەتۋازلىرى ئاۋسترالىيىنىڭ مېلبورىن شەھرىدە بىر سالونغا توپلىنىپ، جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىشتى، مۇنازىرە قىلىشتى.

قانۇنشۇناس يۈەن خۇڭ بىڭ ئەپەندى: جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش يۈز بېرىشنىڭ ئۈچ خىل ئامىلى ئۇستىدە توختالدى.

1 . ئېتىقادنىڭ يىمرىلىشى: خىتاي ھۆكۈمىتى پۇقرالارنى ماددى – مەنپەئەت بىلەن ئۆزىگە جەلىپ قىلىشقا باشلىدى، جاسۇسلۇق ئورگانلىرى ئارقىلىق پۇقرالارنى نازارەت قىلدى. ئاتېزىم تەربىيىسى ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ئېڭىنى كونترول قىلىپ جۇڭگودا پۇقرالارنىڭ ئۆزئارا ئىشەنچ ۋە بۇددىزىملىق ئېتىقادىنى پۈتۈنلەي يىمرىپ تاشلىدى.

2 . جۇڭگودا خىزمەتتە ئۈنۈم يارىتالايدىغان ئەمەلدارلار قوشۇنى كەم بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتى يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار ئارقىلىق مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى قوغدىماقچى بولدى. بىراق، خىتاينىڭ كادىرلار قوشۇنى چىرىپ كەتتى. جۇڭگودا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن ھامان، چىرىپ كەتكەن كادىرلار قوشۇنىنىڭ شۇ ھامان تارقىلىپ كېتىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغانلا بولدى. خۇددى سابىق سوۋېتلەر جەمئىيىتىگە ئوخشاش جۇڭگومۇ پارتىيە ئەزالىرىغا، قۇدرەتلىك ژاندارما كۈچلىرىگە ئىگە بولسىمۇ، مەنپەئەت مەۋجۇت بولمايدىكەن، چىرىكلەشكەن ھاكىمىيەتكە جېنىنى سېلىپ بېرىدىغان ئادەم چىقمايدۇ، دە!

3. يۈەن خۇڭ بىڭ ئەپەندى مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگودا تارىخنىڭ تەقدىرىنى ئىگىلىيەلەيدىغان قاتتىق قول رەھبەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. خۇ جىنتاۋ ئەپەندى پەقەت <زويا ۋە شورا> دېگەن كىتابىنىلا ئوقۇغان كىشى، تارىخ ھەل قىلغۇچى دەۋرگە كىرىپ كەلگەندە، خۇ جىنتاۋ ئەپەندى ئىككىنچى كور باچىپ بولالمايدۇ.

پروفېسسور چىن يۇڭ لىن مۇنداق كۆرسەتتى: نۆۋەتتە جۇڭگو ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ پىكىر قىلىدىغان ئادەم قالمىدى... خىتاي ھۆكۈمىتى ئاللىقاچان زاۋالغا يۈزلەندى... قاتمۇ – قات مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى... تاشقى جەھەتتە قۇدرەتلىك بېسىمغا دۇچ كەلدى... كىشىلىك ھوقۇق دىپلوماتىسىيىسى بويىچە ماڭىدىغان يولى تارىيىپ كەتتى. نۆۋەتتە يىمىرىلىش ھارپىسىدا تۇرغان جۇڭگودا ئەڭ ئاخىرقى دولقۇن كۆتۈرۈلدى... جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ... بەلكى، ئاللىقاچان باشلاندى.

دېموكراتىك پائالىيەتچى گاۋ جەن مۇنداق كۆرسەتتى:

جۇڭگونىڭ ھازىرقى ھالىتى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. جەمئىيەت كەيپىياتى، جەمئىيەت ئەخلاقى ئادەتلىرى بۇزۇلۇپ ئاخىرقى چەككە يەتتى، خىيانەت قىلمايدىغان ئەمەلدار قالمىدى، پۇقرالار پۇل قوغلىشىدىغان بولۇپ كەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ يىمىرىلىشى ھەر دەقىقە، ھەر مىنۇت ئىچىدە يۈز بېرىشى مۇمكىن. قارىماققا بۇ ھاكىمىيەت يىمىرىلمەيدىغان قىزىل ئىمپېرىيە بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، بىراق، كېيىن قانداق قىلىمىز، كوممۇنىزىم ئەپسانىلىرى ئىنساننىڭ ئېڭىنى چىرىتىۋەتتى.... كىشىنى چوڭقۇر ئەندىشىگە سالىدۇ، جۇڭگودا پارتىيە يىمىرىلگەندىن كېيىن قانداق قىلىمىز، نېمە ئىش قىلىمىز، ئەگەر جۇڭگودا داۋالغۇش يۈز بەرسە كەيپىيات بۇزۇلۇپ كەتكەن جەمئىيەتتە قانداق قىلىمىز. پۈتكۈل خىتاي مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى قۇتقۇلدۇرۇش بەسى مۇشكۇل دەپ كۆرسەتتى. گاۋجەن ئەپەندى.

فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن يەكۈنلىگەن خۇلاسە شۇ بولدىكى، ئۆزگىرىش ياكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش، ئىقتىساد بىلەن سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە بۆلۈنۈش يۈز بەرگەندە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. جۇڭگودا ھوقۇقدارلار بىلەن پۇقرالار قارىمۇقارشى قۇتۇپقا ئۆتۈپ قالدى، بىر تەرەپكە بايلارغا ئېقىۋاتقان پۇلنىڭ مەنبەئى قانۇنسىز مەنبەئە بولۇپ قالدى. ھوقۇق، ئىقتىساد مەنبەئەلىرىنى مانوپۇل قىلىپ ئالدىكەن، ھوقۇق بىر جەمئىيەتتە تاۋارغا ئايلىنىدىكەن، تاۋارنىڭ ئايرىۋاشلاش قىممىتىدە يەنى باھا قىممىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندەك مۇناسىپ ھالدا ھوقۇقنىڭ خاراكتېرىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، يەنى ھوقۇق پۇقرالارنى باستۇرىدىغان ۋاستىگە ئايلىنىدۇ. نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ ئىجتىمائى ئەھۋالىنى بۇنىڭدىن ئۆزگە چۈشەندۈرۈش مۇمكىنمۇ؟

**ئۇيغۇر جۇگانلىرى پاجىئەسى، پۈتۈن مىللەتنىڭ پاجىئەسىدۇر**

2006 – يىلى 8 – ئاينىڭ 4 – كۈنى

ئىنسانىيەت تارىخى 21 – ئەسىرەە قەدەم قويغان كۈنلەردە دۇنيادا ئۇيغۇردىن باشقا مىللەتلەر ئىلىم – پەن نەتىجىلىرى، ماددى ۋە مەنىۋى نەتىجىلىرى، دېموكراتىك ئۆزگىرىش ۋە رەڭلىك ئىنقىلاب نەتىجىلىرى 21 – ئەسىرگە كىرىپ كەلگەندە، ئۇيغۇرلار ياكى ئۇيغۇر جۇگانلىرى بالىسىنى قۇچاقلاپ خىروين قاچىلانغان خالتىلارنى دۈمبىسىگە يۈدۈپ 21 – ئەسىرگە كىرىپ كەلدى. مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاننىڭ 80 ناھىيىسىگە كېڭەيگەن. زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلدى. ئۇيغۇرنىڭ دىنى ئاكابىرلىرى ئېتىقاد ئەخلاقى ۋە ئىجتىمائى ئەخلاقنى تەكىتلەش ئارقىلىق، تەربىيە قىلىش ئارقىلىق بۇ خىل پاجىئەنى چەكلەپ قېلىشقا قادىر بولىسىمۇ، لېكىن خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ زەربىسىگە، چەتكە قېقىشىغا ئۇچراپ ئۇيغۇر ئالىمانلىرى ئوتتۇرىسىدا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دىنى ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بارالمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى

زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى مەقسەتلىك ھالدا مۇستەملىككە ئۇيغۇرستاندا ئۆز مەيلىگە قويىۋەتتى.
2006 – يىلى 7 – ئاينىڭ 30 – كۈنى خىتايچە <ئەدەبىيات شەھىرى> تور بېتىدە مۇنداق بىر پارچە خەۋەر ئېلان قىلىندى:
بىر دانە ئايروپىلان كۈنمىڭ شەھىرىنىڭ ۋۇجيابەي خەلقئارا ئايرودرومىغا قوندى. 26 نەپەردىن ئارتۇق ئېغىر – ئاياغ ئاياللارنى قاچىلىغان ساقچى ماشىنىسى كۈنمىڭ شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى... بۇ 26 نەپەر ئايالنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بولۇپ چىقتى، يەنە كېلىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك، مارالبېشى ناھىيىلىك ئۇيغۇر جۇۋانلار بولۇپ چىقتى. يەنە كېلىپ بۇ جۇۋانلار ئېغىر – ئاياغ جۇۋانلار بولۇپ چىقتى.
ئويلاپ قالدىم تارىخى ھاياتنىڭ سېلىشتۇرما مەنزىرىسى كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. تۇمارىس ئۇيغۇر قىز ئىدى، تۇران تۇزلەڭلىكىدە سەلتەنەت تىكلىگەن، نۇزۇگۇم ئۇيغۇر قىز ئىدى، جۇڭغار قالماقلىرىغا يەككە – يېگانە جەڭ ئېلان قىلغان؛ ئامانىسا خېنىم ئۇيغۇر قىز ئىدى، مۇزىكا ۋە ناخشا ئالىمىنىڭ شاھى 12 مۇقامنى رەتلىگەن؛ ئىپار خېنىم ئۇيغۇر قىز ئىدى، مەنچىڭ ئوردىسىدا ئار نومۇسنى ئاقلاپ، ئىپپەت – نومۇسنى ساقلاپ ئۆزىنىڭ كۆكسىگە ئۆزى خەنجەر ئۇرغان؛ يەتتە قىزلىرىم ئۇيغۇر قىزلىرى ئىدى، مەنچىڭ چېرىكلىرىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، ئار – نومۇس، مىللى غورۇرنى ساقلاپ قىلىچنى قۇچاغلاپ ئۆلگەن؛ رىزۋانگۈل ئۇيغۇر قىز ئىدى، گومىنداڭ خىتايلىرى ئاتقان ئوققا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپ يارىدار جەڭچىلەرنى قۇتقۇلدۇرغان؛ شەمشىنۇر ئۇيغۇر قىز ئىدى، تۇنۇگۈن خىتاينىڭ باجىياخۇ تۈرمىسىدە، خىتاي گۇندىپايلىرى ئوڭ قولىنى ئوڭ پۇتىغا چېتىپ قويغان، تۈرمىدە ئالتە ئاي شۇ ھالەتتە ياشىغان، تۈرمىدە مىللى ئارمىيىنىڭ مارشىنى توۋلىغان، ئىز ناخشىنى توۋلىغان، شۇنداق ئۇيغۇر قىزلىرى بار ئىدى ئۇيغۇرنىڭ...
26 نەپەر ئۇيغۇر جۇۋان بولار قانداق ئۇيغۇر جۇۋانلار بولۇپ چىقتى، بۇ جۇۋانلار ئىپپەت – ئار نومۇسنى پۇلغا ساتتى، خوجايىن خىتايلارغا بىر

قېتىم زەھەرلىك چېكىملىك يۆتكەپ بېرىشكە 50 ياكى 100 مىڭ يۈەنگە سېتىلىدى.
ھازىر كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان بىر چىگىش مەسىلە شۇ بولدىكى، بۇ جۇگانلارنى كىم خرويىن يۆتكەشكە تەشكىللىدى؟ زەھەرلىك چېكىملىك يۆتكەيدىغان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ قارا قولىلىرى نېمىشقا بۇ دەرىجىدە جۈرئەتلىك بولۇپ كەتتى؟ زەھەرلىك چېكىملىكنى يېنىغا ئېلىپ، 26 نەپەر ئۇيغۇر ئايال بىراقلا بىر ئايروپىلانغا چىقىدىغان، ئانىسى كۆرمىگەن، دادىسى بىلمىگەن خىتاي شەھرىدە 26 نەپەر ئۇيغۇر ئايال توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان قانداق ئەتكەسچىلىك بۇ؟ كىم تەشكىللىدى بۇلارنى؟ لۈك لىن ناھىيىسىدىن كەلگەن، 40 ياشلىق خىتاي تەتەي ئالدى بىلەن ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، 26 نەپەر ئۇيغۇر جۇگان بىلەن بىر گۇرۇپپا ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. بۇ خىتاي تەتەي كىم؟ ئۆزى نېمىشقا خرويىن يۆتكىمىدى؟ بۇ تەتەي خىتاي ساقچىلىرىغا نېمە دەپ ئىقرار قىلدى؟ بەلكى ئۇنىڭ ئىقرارى ئەبەدى مەتبۇئات يۈزى كۆرمەسلىكى مۇمكىن. بەلكى ئۇنىڭ يازما ئىقرار نامىسىنى خىتاي ساقچىلىرى يىرتىپ تاشلىشى مۇمكىن .
جاھان ئۆزگەرمەكتە. دۇنيانىڭ سىياسى ۋەزىيىتى ھەر دەقىقە ئۆزگەرمەكتە. 1996 – يىلى خىتاينىڭ شاڭخەي شەھرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە روسىيە فېدىراتسىيىسى قوشۇلۇپ، «بەش دۆلەت گۇرۇھى» قۇرۇلۇپ، مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، تېررورىستلارغا قارشى تۇرۇش، دىنى رادىكالىستلارغا قارشى تۇرۇش، قورال – ياراغ ئەتكەسچىلىكى، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى قاتارلىق جىنايەت تۇرلىرىنى «بەش دۆلەت گۇرۇھى» قۇرۇشنىڭ سىياسى ئاساسى قىلغان ئىدى. خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېررورىست قىلىپ كۆرسىتىشلىرى خەلقئارا جەمئىيەتتە ئاقماي تۇرغاندا، «مىللى بۆلگۈنچىلىك» دېگەن ئۇقۇمنى ئاقكۆڭۈل دۇنيا خىتاي تەلەپپۇزىدا قوبۇل قىلماي تۇرغاندا، بەلكى، سۈكۈت قىلىپ ئۇيغۇرلار

شۇنداق قارشىلىق كۆرسىتىشكە ھەقلىق دېگەندە؛ قانداق قىلغۇلۇق؟ «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى» مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سىياسى ئاساسلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋىلادىمىر پۇتىن يېقىندا پېتىر بورگ شەھرىدە ئېچىلغان سەككىز دۆلەت يىغىنىدا يەنە غەرب دۇنياسىغا قىڭغىيىشقا باشلىدى. شۇڭا خىتايغا نىسبەتەن تەھدىتتىن ئىبىتقاندا «بەش دۆلەت گۇرۇھى»نىڭ يىمىرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر تەھدىت پەيدا قىلىش لازىم بولدى.
ئاللىبۇرۇن 2 – ئاينىڭ 1 – كۈنى خىتاينىڭ خەلقئارالىق «ئاۋانگارت يېتەكچى گېزىتى»، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» دېگەن ئىسمىنى تەشۋىقات ئارقىلىق «ئالتۇن ھىلال ئاي» دەيدىغان ئىسمىغا ئۆزگەرتىپ، بۇ ئىسمىنى ئافغانىستان بىلەن ئۇيغۇرىستان چېگراسىغا يۆتكەپ كەلدى؛ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۆتكىمەكچى بولغان 4300 كىلوگرام چېكىملىكنى «شىنجاڭ» تاموژنىسى قولغا چۈشۈردى دەپ، خەۋەر تارقاتتى. تەخمىنەن تۆتتىن ئىككى تونىنا خروين... قايسى چېگرادىن كىرگەنلىكى توغرىسىدا بىر ئېغىز گەپ يوق. كىم يۆتكىدى، بىر ئېغىز گەپ يوق. تۆتتىن ئىككى تونىنا خروين ۋاي – ۋۇي خىتاي مەخپى ئىشلار ئىدارىسى نېمىدېگەن پىلانلىق ئىش قىلغان ھە؟! ئاپتونوم رايونلۇق، خىتاينىڭ بىخەتەرلىك ئىدارىسى، تېررورىست دەپ بازارغا سالغاندا ئۆتمىگەن ئۇيغۇرلارنى، ئەمدى چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى ئۇيغۇرلار دەپ، بازارغا سالماقچى بولدىمۇ؟ شۇ ئارقىلىق «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى»نىڭ سىياسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسلىرىنى ساقلاپ قالماقچى بولدىمۇ؟ ھەي نادان ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئالدىغا چۈشۈپ خروين ئەتكەسچىلىكى قىلغۇچە بىرلىشىپ تەشكىللىنىپ كۆچمەن خىتايلارنى بۇلاپ – تالىساڭ بولمامدۇ؟

**ئۇيغۇرلارنى باي قىلىشمۇ ياكى ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىشمۇ؟**

2006 – يىلى 8 – ئاينىڭ 5 – كۈنى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسىدىن 400 نەپەر 19 ياشلىق ئۇيغۇر قىزنى، ئارقىدىنلا 7 –ئاينىڭ 13 – كۈنى قەشقەر ۋىلايەت پوسكام ناھىيىسىدىن 18 ياشلىق 110 نەپەر ئۇيغۇر قىزنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان ئىدۇق. ئەمدى نۆۋەت قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يوپۇرغا ناھىيىسىگە كەلدى. 8 –ئاينىڭ 2 – كۈنى قەشقەر ھۆكۈمەت تور بېتىدە مۇنداق خەۋەر ئېلان قىلىندى: «ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش كۆۋرىكى سېلىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ شاۋكاڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى قوغلىشىش» نېمىدىگەن «چىرايلىق»قويۇلغان ماۋزۇ بۇ؟

ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىش، مۇستەملىككە ئۇيغۇرستاندىن ئۇيغۇرلارنى ئەمگەك كۈچى ئورنىدا ئىچكىرى خىتايغا ئېكسپورت قىلىش، ئۇيغۇر ئادەملەرنى يېزىلاردا ئازايتىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆپەيتىش، دېھقانلارنى باي قىلىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى كۈچەيتىش، بۇ ئىشنى مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قىلىپ چىڭ تۇتۇش، ۋەزىيەتنى يېتەكلەپ، ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەشنى چىڭ تۇتۇپ، تەربىيىلەش خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ... قەشقەر ۋىلايەت يوپۇرغا ناھىيىسىدە ئاۋۋالقى يېرىم يىلدا 11.248قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. ياكى قەشقەر يوپۇرغا ناھىيىسىدىن 11.248 نەپەر ئۇيغۇر ئادەم يۆتكەپ كېتىلدى، دېگەن سۆز .

يوپۇرغا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت «2006 – يىللىق تەربىيىلەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى» تۈزدى. ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى خىتاي تىلىدا تەربىيىلەش، ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش قاتارلىق ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىپ، ئەمگەك ئۈچۈرى بىلەن دېھقانلارنى پائال تەمىنلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ

يوللىرىنى ئاچماقچى بولدى. نېمىدىگەن «چىرايلىق» نېمىدىگەن«رەتلىك، تەرتىپلىك» ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىزمەت بۇ، «ئەبگاھ ئۇيغۇر»لار ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىمەن دېسە، ماقۇل دېدىمۇ؟
ئارقىدىنلا تور بېتىدە «يوپۇرغا ناهىيىسى كىچىك گۇرۇپپىلارنى تەشكىللەپ، شاڭخەي، گۇۋاڭدۇڭ، جېجاڭ قاتارلىق ئىچكىرى خىتاي ئۆلكە، شەھەرلىرىگە ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى ئەۋەتىپ ئەمگەك بازىرى ئاچتى، دېيىلدى. قۇل بازىرى ئاچتى دېيىلمىدى.
بۇ يىل 1 – ئايدىن 6 – ئايغىچە يوپۇرغا ناهىيىسىدىن ئېشىندى ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى 11.248 نەپەر ئەمگەك كۈچى يۆتكەپ كېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە گۇاڭدۇڭ، جېجاڭ قاتارلىق خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن ئادەم سانى 500 دىن ئارتۇق دېيىلدى. لېكىن بۇ 500 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ قىزلار ئىكەنلىكى ياكى ئەرلەر ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنمىدى. يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر ئادەم كۈچلىرى ئادەم بېشىغا ئايدا 90 يۈەندىن كىرىم قىلغان ئىمىش. ئۆتكەن يىلغا سېلىشتۇرغاندا 37 يۈەن كۆپىيىپ، خۇلاسىلاپ كۆرگەندە ئۆتكەن يىلغا نىسبەتەن مائاش كىرىم 69% كۆپەيگەن ئىمىش. خوش ئاۋۋالقى يېرىم يىلدا پەيزاۋات ناهىيىسىدىن 400 نەپەر ئۇيغۇ رقىز، پوسكام ناهىيىسىدىن 110 نەپەر ئۇيغۇر قىز، يوپۇرغا ناهىيىسىدىن 500 دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلدى.
ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرى نېمىشقا ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاندا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلمىدى؟ سېكرېتار ۋاڭ لې چۈەن سەندۇڭدىن، خېنەندىن، سىچۈەندىن 50 مىڭلاپ، يۈز مىڭلاپ، مىليونلاپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى نېمىشقا ئۇيغۇرىستانغا يۆتكەپ كىردى؟ خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان مەقسىدى زادى نېمە؟
1 . يەر ئىگىسى – ئۇيغۇرىستانىنىڭ زېمىن ئىگىسى ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىپ، خىتاي جەمئىيىتىگە سىڭدۈرۈۋېتىپ يوقىتىش.

2 . ختاي كۆچمەنلىرىنى ئۇيغۇرستانغا يۆتكەپ كېلىپ، ئۇيغۇرستاندىن يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئورنىغا يەرلەشتۈرۈپ، يەر ئىگىلەش.

ئۇيغۇرنىڭ مىللىي تەركىبىنى ئۆزگەرتىش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېزا — كەنت، ئائىلىۋى بىرلىكنى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى تۇرمۇش قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ تاشلاش ۋە مىللەتنى يوق قىلىش.

دىن — دىنىي ئېتىقاد، تىل — ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇرنى مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ كەلگەن خۇسۇسىيەتلەر ئىدى. دىنىي ئېتىقادنى چەكلەش، ئۇيغۇر تىلىنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ، ھەربىر ئۇيغۇرنى ختاي تىلىدا سۆزلەيدىغان ھايۋانلارغا ئايلاندۇرۇش ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەملىككە سىياسىتىدە مەركىزى ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلدى.

پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش، نەسىل قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى چەكلەش ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ زوراۋانلىقىنى ۋاستە قىلغان دائىمى سىياستىگە ئايلاندى.

ئىدىيىۋى مەسىلىلەرگە، دوست بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك مۇئامىلە قىلىپ، بىر پارچە شېئىر، بىر پارچە نەسىر يازغان كىشىلەرگە، شۇ ئارقىلىق ئىدىيىۋى — ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن كىشىلەرگە قاماق جازاسى ئېلان قىلىش ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ كۈندىلىك سىياستىگە ئايلاندى.

ئۇيغۇر بۇ مىللەت يۇمشاق، بەزىدە قاتتىق زوراۋانلىقىدا، ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئاسسىمىلاتسىيە سىياستىگە، بۈگۈن ئەمدى ختاينىڭ دۆلەت تېررورىزىمىغا دۇچ كەلدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەربىر ئۇيغۇر، ئويلاش تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەبىر ئۇيغۇر، پائالىيەت قىلىش، ھەرىكەت قىلىش، تەشۋىق — تەرغىبات قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەربىر ئۇيغۇر، سىياسى تەلەپلىرىنى، كىشىلىك

هوقۇق تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەربىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ۋە مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش ھوقۇقلىرىغا ھەم ئىگىدۇر.

**خىتاي جەمئىيىتى سىياسىي داۋالغۇش دەۋرىگە كىرىپ قالدىمۇ؟**

2006 – يىلى 8 – ئاينىڭ 10 – كۈنى

بۇرۇنقىلارنى قويۇپ تۇرۇپ 6 – ئاينىڭ 20 – كۈنىدىن ھازىرغىچە خىتاي جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن ئىجتىمائى خاراكتېرلىك، سىياسى خاراكتېرلىك ۋەقەلەرگە نەزەر ئاغدۇرايلۇق .

6 – ئاينىڭ 20 – كۈنى چاڭچۈن شەھىرىدىن كەلگەن يەتتە نەپەر ئايال، تۆت نەپەر ئەر كىشى تيەنئەنمىن راۋىقى كۆرەك مۇنبىرىگە چىقىپ ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلىۋالماقچى بولدى. بۇ كىشىلەر ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا ئالالمىغان كىشىلەر ئىدى. 6 – ئاينىڭ 21 – كۈنى بىر تۈركۈم تيەنجىن شەھەر ئاھالىسى بېيجىڭغا ئەرز قىلىپ كېلىپ، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى. 6 – ئاينىڭ 23 – كۈنى سىچۈەن ئۆلكىسى بەيگو يېزا ئاھالىسى يەر مەسىلىسى تۈپەيلى ئىسيان كۆتۈردى. 6 – ئاينىڭ 30 – كۈنى سىچۈەن زىگوڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت 300 نەپەر قوراللىق ساقچى ئەۋەتىپ يۇقىرىقى ۋەقەنى باستۇردى. 6 – ئاينىڭ 25 – كۈنى شىنياڭ شەھىرى دابەن بازىرىدا ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلىپ بىر نەپەر ئايال كىشى ئاندىن تۇغما ھالەتتە يالىڭاچ بولۇپ نامايىش قىلدى. 6 – ئاينىڭ 26 – كۈنى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرىدە 100 دىن ئارتۇق ئۇچ چاقلىق موتوسىكلىت شوپۇرلىرى نامايىش قىلىپ، تۇرمۇش يولى، ھاياتلىق يولى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 6 – ئاينىڭ 27 –، 28 – كۈنلىرى تاڭشەن مائارىپ مەكتىپىنىڭ بىرنەچچە يۈز نەپەر ئوقۇغۇچىسى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداپ، جىم ئولتۇرۇپ نامايىش قىلدى. 7 – ئاينىڭ 2 – كۈنى جېجاڭ ئۆلكىلىك ئېنقىلابچى ۋاڭ دۇڭخەي قاتارلىق 30 نەپەر كىشى ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ «تۇيۇقسىز ۋەقەلەرگە قارشى قانۇن لايىھىسى»

تۇزۇلگەنلىكىگە قارشى تۇرۇپ، مەتبۇئات، ئاخبارات ئەركىنلىكى تەلەپ قىلدى. 7 – ئاينىڭ 5 – كۈنى ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا ئالالمىغان گو ئەپەندى قاتارلىقلار جەمئىي 80 نەپەر كىشى شۈنى رايونىدا نامايىش قىلدى. 7 – ئاينىڭ 10 – كۈنى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جۇڭشياڭ شەھرىدە 200 نەپەر خەلق ئوقۇتقۇچىسى ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا نامايىش قىلىپ، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى سىياستىنىڭ ئەمەلىيلەشتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى. 7 – ئاينىڭ 11 – كۈنى جېجاڭ ئۆلكىسى، دۇڭتۇ ناھىيە، جاڭ دېبى بازىرىدا سەن – پەن يېزا ئاھالىسى ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش ئەترىتىگە قارشى نامايىش قىلدى. ھۆكۈمەت زوراۋانلىق ئىشلەتتى. ئالتە نەپەر دېھقان يېنىك، 30 نەپەر دېھقان ئېغىر يارىلاندى. 7 – ئاينىڭ 12 – كۈنى خېينەن ئارىلىنىڭ لەن ياڭ بازىرىدا ساقچىلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا زور كۆلەملىك توقۇنۇش يۈز بەردى. ھۆكۈمەت تەرەپ 27 نەپەر ساقچىنىڭ يارىلانغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. بۇ توقۇنۇش جۇڭنەنخەينى زىل – زىلىگە كەلتۈردى. جويۇڭكاڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ 35 نەپەر يېزا ئاھالىسىنى قولغا ئالدى. 7 – ئاينىڭ 13 – كۈنى خۇبېي ئۆلكىسى جىڭمەن ناھىيىسىدە شەھەر قىياپىتىنى ساقلاش ساقچىلىرى، يول بويىدا تىجارەت قىلىۋاتقان 70 ياشلىق موماينى ئۇردى. نارازىلىق بىلدۈرۈپ خەلق قوزغىلىپ كەتتى. ھۆكۈمەت بىناسىغا بېرىپ كىرمەكچى بولدى. لېكىن كىرەلمىدى. كەينىگە يېتىپ يولبويى ماشىنىلارنى ئۇرۇپ چاقتى. 7 – ئاينىڭ 17 – كۈنى تۆت يىل بۇرۇن تۈرمىگە تاشلانغان سىچۈەنلىك لىيوبى دېگەن خىتاي تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندە، 20 مىڭدىن ئارتۇق سىچۈەنلىك دېھقانلار بىر يەرگە جەم بولۇپ لىيۇ ئەپەندىنى تەبرىكلىدى. 7 – ئاينىڭ 18 – كۈنى گۇاڭشى ئۆلكىسى، لۇڭ ئەن ناھىيىسىدە 47 نەپەر دېھقان ئورتاق ئىمزا قويۇپ كوممۇنىستىك پارتىيىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلدى. 7 – ئاينىڭ 19 – كۈنى يۈننەن ئۆلكىسىدە پېنسىيىگە چىققان 500 دىن ئارتۇق كىشى نامايىش قىلىپ، پېنسىيە سىياستىنىڭ ئەمەلىيلىشىنى تەلەپ قىلدى. 7 – ئاينىڭ

20 – كۈنى سۈن ۋېن گۋاڭ، گاۋجى شىڭ قاتارلىق ئون نەچچە نەپەر خەلق ھوقۇقنى قوغدىغۇچى ئادۋوكاتلار، ئەمما ئادۋوكات، خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى پاش قىلغۇچى چېن گۋاڭ چېڭنى سوت قىلىشقا قاتناشماقچى بولدى. تەلەپلەر ھۆكۈمەت تەرەپتىن رەت قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق، چېن گۋاڭ چېڭنى سوت قىلىشنى كېچىكتۈردى.
7 – ئاينىڭ 28 – كۈنى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ باچوڭ شەھرىدە زور كۆلەملىك نامايىش پارتلىدى. 2000دىن ئارتۇق ئىسيانچىلار شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىناسىنى قورشىۋالدى. باستۇرۇشقا يېتىپ كەلگەن 150 نەپەر ساقچى بىلەن نامايىشچى پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا زوراۋانلىق توقۇنۇشى يۈز بەردى. ئىككى تەرەپتىن ئاز دېگەندە 30 نەپەر كىشى يارىلاندى. 7 – ئاينىڭ 29 – كۈنى خاڭجۇ شەھرى داڭشەن بازىرىدا ھۆكۈمەت تەرەپ يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان بىر چىركاۋنى چېقىۋەتتى. ئون مىڭغا يېقىن خرىستىيان دىنى مۇرتلىرى بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا تونۇنۇش يۈز بەردى. 8 – ئاينىڭ 2 – كۈنى جېجاڭ ئۆلكىسى خاڭجۇ شەھرى سوشەن بازىرىدا 300 مىڭدىن ئارتۇق يەر ئاستى تەشكىلات ئەزالىرى بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. بەش نەپەر ساقچى يارىلاندى. يەنە شۇ كۈنى 8 – ئاينىڭ 2 – كۈنى خۇنەن شاڭ ياڭ ناھىيىسىدە زور كۆلەملىك نامايىش يۈز بەردى. باستۇرۇشقا كەلگەن ساقچىلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ 100 دىن ئارتۇق دېھقان ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇلار سەنشا قۇرۇلۇشى باشلانغاندا شياڭ ياڭ ناھىيىسگە يۆتكەپ كېلىنگەن دېھقانلار ئىدى. 8 – ئاينىڭ 8 – كۈنى بۇ جيەن ئۆلكىسىنىڭ شىسى بازىرىدا 8 مىڭ نەپەر شەھەر ئاھالىسى نامايىش قىلىپ 500 نەپەر ساقچى بىلەن تىركەشتى.
يۇقىرىقى نامايىش، قوزغىلاڭ، ئىسيان ۋەقەلىرىنىڭ سەۋەبلىرى خىلمۇخىل بولسىمۇ، ئومۇملاشتۇرغاندا خىتاي پۇقرالىرى پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە ئىشەنمەيدىغان بولدى. سوتسىيالىزىمغا ئىشەنمەيدىغان

بولدى، ئسلاھاتنڭ ئاخرقى نەتىجلرى پۈقرالارغا ئۈمدسزلك ئېلپ كەلدى. قسقسى ختاي كوممۇنستك پارتييسى ۋە ئۇنڭ ھۆكۈمەت ئاپپاراتلرى نۆۋەتتە يانار تاغنڭ ئۈستدە ئولتۇرۇپ قالدى. يانار تاغ قاچان پارتلايدۇ؟ يانار تاغ كۈندە پارتلمايدۇ بەلكى كۈندە پارتلايدۇ.
يۇقرىقى پاكىتلار «يېڭى ئىرا» تور بېتى، «جۇڭگوغا نەزەر» تور بېتى، «دۇنيا گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردىن، تور بەتلىرىدىن ئېلىندى.

## سېكرىتار ۋاڭ دارىنغا قويۇلغان سوئال

2006 – يىلى 8 – ئاينىڭ 15 – كۈنى
ختاي مەركىزى ھۆكۈمتىنىڭ مۇستەملىككە ئۇيغۇرستانغا بەلگىلىگەن گوبېرناتورى ۋاڭ لې چۈەن مۇستەملىككە ئۇيغۇرستاندا يەنە قانچە ۋاقىت پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ؟
سېكرىتار ۋاڭ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ، جاۋاب بېرەلىسىمۇ لېكىن جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.
يېقىندا سېكرىتار ۋاڭ لې چۈەن 30 دۆلەتنىڭ بىيجىڭدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىنى مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ، مۇستەملىكچى ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرستان خەلقىگە قىلىپ بەرگەن «ياخشى»ئىشلىرىنى تونۇشتۇرغان بولدى، 30 دۆلەت ئەلچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرستاننى خەلقئارادا تونۇشتۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغاندەك بولدى.
«شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس قىسمى»دېدى. سېكرىتار ۋاڭ لې چۈەن. 30 دۆلەت ئەلچىلىرى جۇغراپىيە ساۋادى يوق كىشىلەرمىدى، 30 دۆلەت ئەلچىلىرى تارىخ بىلىمى يوق كىشىلەرمىدى، 30 دۆلەت ئەلچىلىرى دىپلوماتىيە تارىخىدىن بولۇپمۇ چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىيە تارىخىدىن خەۋرى يوق كىشىلەرمىدى؟
سېكرىتار ۋاڭ لې چۈەن ئەپەندى قارىسىغا سۆزلىگەن سۆزلەرنى تارىخ قىلىپ يازغىلى بولمايدۇ، بىر مۇستەملىكچىنىڭ ئىرادىسىنى

مۇستەملىككە ئەللەر خەلقلىرىگە تاڭغىلى بولمايدۇ، 21 – ئەسىردە خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالدىغىلى، قايمۇقتۇرغىلى بولمايدۇ. خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىككە قىلىش مەقسەتلىرىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرادىسىگە، دۇنيا تارىخىغا ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا تاڭغىلى، ھازىرقى دۇنيانىڭ ھازىرەن رېئاللىقىغا تاڭغىلى بولمايدۇ. ئەلچىلەرنى چاقىرىپ كېلىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، سېكرىتار ۋاڭ لې چۈەن «جانابلىرى» ئۇچۇن ئېيتقاندا ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ماددى ئىسراپچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.
سېكرىتار ۋاڭ لې چۈەن مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستانغا، ئۇيغۇر خەلقىگە قانداق «ياخشى» ئىشلارنى قىلىپ بەردى؟
خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدە قانۇنسىز ئەسكەر تۇرغۇزدى، پايتەخت ئۈرۈمچىدە ھەربىي قىسىملار، ناھىيىلەردە قوراللىق ساقچى قىسىملارنى قانۇنسىز تۇرغۇزدى.
خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرىستاننىڭ يەر زېمىنىنى، ئۇيغۇرىستاننىڭ يەر مەنبەئەلىرىنى، ئۇيغۇرىستاننىڭ ئورمان بايلىقىنى قانۇنسىز ئىگىلىدى. ئۇيغۇرىستاندا كان ئېچىش، نېفىت قېدىرىش، نېفىت ئېلىش، تەبئىي گازنى يۆتكەپ ئېقىتىپ كېتىش ھوقۇقلىرىنى قانۇنسىز ئىگىلىدى. مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا تۆمۈريول، تاش يول ياسىدى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللارنى ياسىدى، ئاساسى قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى كۆپەيتىپ ياساپ چىقتى. ئۆي – ئىمارەت قۇرۇلۇشىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئۇيغۇرىستانغا قانۇنسىز كۆچۈرۈپ كىردى، خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەھەرلەشتۈردى، سانائەت قوشۇنىغا ئايلاندۇردى، يەرلىك ئۇيغۇرلارنى سەھرالاشتۇردى، ئۇيغۇرلارنى ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جېنىنى باقالمايدىغان ھازىرقى زاماننىڭ قۇللىرىغا ئايلاندۇردى.

ئەينى چاغدا بۈيۈك بىرتانىيە ھىندىستاننى مۇستەملىككە قىلغاندا، «شەرقىي ھىندىستان شىركىتى»گە ۋارىسلىق قىلغاندەك ياكى بۇ شىركەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ قۇرۇپ چىققاندەك، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا بىڭتۈەننى قۇرۇپ چىقىپ بىۋاستە مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كارخانىغا ئايلاندۇردى. «شەرقىي ھىندىستان شىركىتى» ھىندىستاننىڭ سىياسى، ئىقتىسادى جان تومۇرىنى كونترول قىلغاندەك ۋە ھىندىستاننى بۈيۈك بىرتانىيىگە مۇستەملىككە قىلىپ بىرىشتە تارىخى رول ئوينىغاندەك، بىڭتۈەن خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى ھوقۇق ئورنىنى مۇستەھكەملىشدە شۇنداق رول ئوينىدى.

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى 55 يىلدىن بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى سەمەرىلىرىنى گۇمران قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئالەم قاراشلىرىغا، دىنى سادده تەبىئەت قاراشلىرىغا، دىنى ئېتىقادىغا شىددەتلىك زەربە بەردى. ئۇيغۇرنىڭ مىللى مائارىپىنىڭ مىللى خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىپ مۇستەملىككە مائارىپنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋىيتى ۋە بۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى ھەرىكەتچان روھى ئالىمگە، ماركسىزىمنى، كۆڭزى، مىڭزىنىڭ تەلىماتىنى تاڭماقچى بولدى. 55 يىلدىن بىرى مىللى ئېتنىك تازىلاش، شاللاش، چەتكە قېقىش سىياستىنى يولغا قويۇپ كەلدى. 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن باشلاپ، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرلارنى ئېتنىك تازىلاش سىياستىنى تەپ – تارتماي كونكرېتلاشتۇرۇپ تۇغۇتنى چەكلەش سىياستىگە ئايلاندۇردى. ئۇيغۇر ئائىللىرىنىڭ تۇغۇتنى چەكلەش بۆگۈنكى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا 99.15% كە يەتتى.

ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىنى تاپتىن چىقىرىۋەتتى. دادىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيدىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى نىشە چېكىشكە، خروين چېكىشكە قويۇپ بىرىپ ئۈمىدسىز، ئىرادىسىز، خىيالپەرەست بەڭگىلەرگە ئايلاندۇردى. بۇ تىپلىق ئۇيغۇر ياشلىرى

گۇمران بولغان ئەۋلادلار تەبەقەسىنى پەيدا قىلدى، ئەگەر ئۇيغۇر ياشلىرى گۇمران بولمىغان بولسا، ۋاڭ لې چۈەن 18 – 19 ياشلىق ئۇيغۇر قىزلىرىنى تيەنجىنگە، نەنجىنگە ئېلىپ كەتكەندە، ئۇيغۇر ياشلىرى قاراپ تۇرغان بولارمىدى؟
قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم 2005 – يىلى 9 – ئاينىڭ 30 – كۈنى قىزىل باشلىق ھۆججەت چىقىرىپ 300 مىڭ نەپەر ئاتالمىش ئېشىندى ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى قەشقەر ۋىلايىتىدىن يۆتكەپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. 2006 – يىلى 1 – ئايدىن باشلاپ بۇ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈردى.
ۋەتەنداشلىرىم! قانداق ماركسىزىم، قانداق مىللى باراۋەرلىك، قانداق سىياسى زوراۋانلىق، قانداق دارۋىنىزىم، قانداق مالتوسىزىم، قانداق تەڭلىك، قانداق ئاپتونومىيە، قايسى شەكىللىك ئىتتىپاق تازىلاش، قايسى خاراكتېرلىك مىللەتچىلىك يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىيلاشقان سىياسەتكە يول قويىدى. ؟ۋاڭ لې چۈەن «جانابلىرى» ئۇيغۇرلارغا چۈشەندۈرۈپ قويالامدۇ؟! قوش تىرناق ئىچىدە قىلىپ بەرگەن «ياخشى»لىقلىرىنى 30 دۆلەت ئەلچىلىرىگە چۈشەندۈرۈپ قويالامدۇ؟ خىتاي بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى مىللى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىك دەرىجىسىنى 30 دۆلەت ئەلچىلىرىگە چۈشەندۈرۈپ قويالامدۇ؟
ۋاڭ لې چۈەن 30 دۆلەت ئەلچىلىرىنى ئۇيغۇرىستانغا تەكلىپ قىلماي، ئاۋارىچىلىق ئورنىغا جاھاننىڭ ۋەزىيەتلىك ئەلپازىنى تونۇشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاڭ لې چۈەن خەلقئارا ئاگېنتلىقلار مۇخبىرلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاننى زىيارەت قىلىشىغا يول قويۇشى كېرەك ئەمەسمىدى، كەچۈرۈم تەشكىلاتى، كۆزەتكۈچى تەشكىلاتى، دىئالوگ تەشكىلاتى، رافتو فوندى جەمئىيىتى قاتارلىق خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا شۆبە جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇشىغا يول قويۇشى كېرەك ئەمەسمىدى، ئۇلارنى 30 دۆلەت ئەلچىلىرىنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرىستانغا تەكلىپ قىلىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟!

مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاننى يۇقىرىقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان مۇستەملىكچى ۋاك لىي چۈەن مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا قانچە ۋاقىت پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ؟!

## خىتاي سىياسى غالچىرلىقىنىڭ ئاخىرقى چەككە يېتىشى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھالاكىتى

2006 – يىلى 8 – ئاينىڭ 17 – كۈنى

1991 – يىلى روسىيە كوممۇنىزىمى يىمىرىلگەندىن كېيىن، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرىستاندا ھەرخىل شەكىلدە ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى جىددىيلەشتۇردى. ئاۋۋال 1990 – يىلى 4 – ئايدا ئۇيغۇرنىڭ بارىن ئىنقىلابىنى باستۇردى. 1995 – يىلى 7 – ئايدا خوتەندە دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى تەلەپ قىلغان نامايىشچىلارنى باستۇردى. 1997 – يىلى 2 – ئايدا ئىلى – غۇلجا خەلقىنىڭ دېموكراتىيە مۇستەقىللىق تەلەپلىرىگە باستۇرۇش بىلەن جاۋاب بەردى. 1998 –، 1999 – يىللىرى يۈز كۈنلۈك زەربە بېرىش، بىر يىللىق زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ئاكتىپلىرىنى ھەتتا كۆزنى ئالايتقان ئۇيغۇرلارنى باستۇردى.
سىياسى مەھبۇس ئۇيغۇرلارنى سوت قىلىش، ھۆكۈم ئېلان قىلىش، سىياسى مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئادەتتىكى ئاتالمىش قانۇن دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. بىر پارچە نەسرى ئەسەر يازغانلىقى ئۈچۈن نۇرمەمەت ياسىنغا، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ 12 يىللىق قاماق جازاسى بېرىشى، قانۇنلۇق شەكىلۋازلىق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە يىغۋېلىش، ئۇيغۇر سىياسى ئاكتىپلىرى، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنى، گۇمانلىق سىياسى ئادەملەرنى يىغۋېلىش، يىغۋېلىش لاگىرىغا نەزەربەنت قىلىش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا «قارا قىلچىلىك»، «پەيلو»، «سەكسەن تام» قاتارلىق يىغۋېلىش لاگىرلىرى پەيدا بولدى.

بۇ تۈرملەر ئاۋۋالقى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تۈرملىرى ئىدى. ئەمدى بۇگۈن يىغىۋېلىنغان ئۇيغۇر سىياسى ئاكتىپلارنى ئېلىپ كېلىپ بۇ تۈرملەرگە قامىغاندا، يۇقىرىقى تۈرملەر ئىسمى – جىسمىغا لايىق يىغىۋېلىش لاگىرىغا ئايلاندى.
ئەمدى كېلەيلۇق خىتاينىڭ كۆچمەنلەر ھاكىمىيتى ۋە خىتاينىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا نېمىگە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ؟
بۇگۈن خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تار يولغا قىسىلىپ قالدى. تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن گېزى كەلگەندە سىياسى رەڭۋازلىقنى ئىشقا سېلىش خىتاي بەگلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئەنئەنىسى ئىدى. ماۋ زېدۇڭ زامانىسىدا 1969 – يىلى 3 – ئايدا شەرقىي شىمالدا دامانسكى ئارىلى ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، سەكراتقا چۈشكەن سىياسى ھاكىمىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتماقچى بولغان ئىدى. دىڭ شياۋپىڭ ۋېتنامغا تاجاۋۇز قىلىپ، 1979 – يىلى مۇستەملىكچى خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتماقچى بولغان ئىدى، ئەمدى نۆۋەت سېكرىتار ۋاڭ لې چۈەن بىلەن خۇ جىنتاۋ ئەپەندىگە كەلدى. ئۇلار ئىشنى قەيەردىن باشلايدۇ؟ قارىغاندا مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندىن باشلايدىغاندەك قىلىدۇ. غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر تېررىتورىستلارنىڭ قارا ئۇۋىكۇرى ئافغانىستانغا ھەربىي ھەرىكەت قوللانغاندىن كېيىن، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا خوتەن ئايرودۇرۇمنى كېڭەيتىپ قۇردى. شايار ۋە توقسۇ ناھىيىلىرى ئارىلىقىدا ھەربىي ئايرودۇرۇم قۇرۇپ چىقتى. غۇلجا – جىڭ تۆمۈر يولىنى ياتقۇزدى، تۆمۈر يولنى قەشقەرگە ئۇزارتىپ كەلدى. خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستانغا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياسىماقچى بولدى. تۆمۈر يولنى پاكىستانغا، قىرغىزىستانغا تۇتاشتۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىدۇ.
خىتاي مۇستەملىكچىلىرى غەربنى ئاچماقچى. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرماقچىمۇ؟ ياق! خىتاي

مۇستەملىكچىلىرى مۇستەملىككە ئۇيغۇرستاننى جاھانگىرلىك ئۇرۇشى، مۇستەملىككە ئۇرۇشى قوزغايدىغان ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى. ھەربىي، سىياسى، تېررىتورىيە كېڭەيمىچىلىكى جەھەتتە مۇستەملىككە ئۇيغۇرستاننى ئوتتۇرا ئاسىياغا سەكرەيدىغان سەكرەش تاختىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى. شۇنداق ئىستراتېگىيىلىك مەخسەتلەرگە كۆرە، ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى كۈچىنى، مىللى ئىرادىسىنى پارچىلاش خىتاي سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغان ماھىيىتى بولۇپ بەلگىلەندى. ئۇيغۇرستاندا مۇستەملىككە ئۇرۇشى قوزغاش شۇ خىل ماھىيەتىنىڭ بۇ خىل ۋاستە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.
«ئامېرىكا ئاۋاز»نىڭ ئامېرىكىدا مۇتەخەسسىسلەر ئومۇميۈزلۈك خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلدى، دەپ كۆرسەتتى. ئالىم ۋاڭ يۈەن گاڭ: «جۇڭگو ئامېرىكىنى زور تەھدىت دەپ، قارىغانلىقتىن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاسىيادا تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا» دەپ كۆرسەتتى.
1895 – يىلى ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياستى، ئاسىيا – ئۇلۇغ ئوكيان رايونىغا يۈزلىنىپ، ياپونىيىنىڭ تەيۋەننى كونترول قىلىشىغا سىياسى ئاساس يارىتىپ بەرگەن ئىدى. بۈگۈن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە سىياسى كۈچى ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولدى. جۇڭگو ئۈچۈن ھەربىي تەھدىتتىن ئېيتقاندا مۇستەملىككە ئۇيغۇرستاننى ھەربىي كۈچىنىڭ ئاستىغا ئېلىش، تەيۋەن بوغىزىنى ھەربىي جەھەتتە ئېھتىيات قىلىدىغان رايونىغا ئايرىپ قويۇش، مۇستەملىككە ئۇيغۇرستانغا ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى جىددىيلەشتۇرۇش، ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش بەلگى قورال تۇتالايدىغان، ئەسكەر بولالايدىغان، ئۇرۇش قىلالايدىغان ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىش خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى سىياستىگە ئايلاندى. ئۇيغۇر بۇ مىللەت ئەگەر ھۇشنى تاپالمىسا ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ، دېگەن سۆز .

**جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىش ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆزقاراشلىرى**

2006 – يىلى 8 – ئاينىڭ 23 – كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بىرلەشمە ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ دوكلادىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ئەگەر داۋاملىق، سىجىل تەرەققىي قىلىدىغان بولسا، خىيانەتچىلىك، قانۇن بىلەن باشقۇرۇشنىڭ ئاجىزلىقى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا مەبلەغ يېتىشمەسلىك، مۇكەممەل بولمىغان بانكا سېستىمىسى ۋە مالىيە مۇۋازىنەتىنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بانكا سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەلسىزلىكى ۋە مالىيە مۇۋازىنەتىنىڭ بۇزۇلۇشى، پارچىلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەر يەر شارى خاراكتېرلىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

بۇ يىل 2 – ئايغىچە ھېسابلىغاندا، خىتاي دۆلىتىنىڭ تاشقى پېروۋوت زاپىسى 853 مىليارت 700 مىليون دوللار بولغان بولسا، دا ئىگىلىگەن نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ھەتتا ئادەتتىن تاشقىرى بولۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مۇۋازىنەتىنى يوقاتقان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

جۇڭنەنخەينىڭ ئىقتىساد مەسلىھەتچىسى لىن يى فو يېقىندا مۇنداق كۆرسەتتى : ئۆتكەن يېرىم يىلدا جۇڭگودا مەبلەغ سېلىش، ئىناۋەتلىك قەرز، تاشقى سودىدا، تەتۈر پەرىقنىڭ ئۆسۈشى تېز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەبلەغ سېلىشنى يېتەكلەشتە چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن مەسىلە – ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلماي بېسىلىپ قېلىشى، يامانلاشقان بىر ھادىسە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

خەلقئارا ئىقتىسادشۇناسلار مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مۇۋازىنەتنى يوقاتقان ھالدا تەرەققى قىلىشى، كونتروللۇقنى يوقىتىپ قويۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرسەتتى. شۇڭا جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئەمدى تۆۋەنگە قاراپ سىيرىلىشىنىڭ ئېھتىماللىقى ئۈچتىن بىر قىسمىغا يەتتى.

ياپونىيە ئىقتىسادشۇناسلىرى: 2008 – يىلدىن كېيىن جۇڭگو ئىقتىسادى گۈللىنىشتىن، زور كۆلەملىك چېكىنىش كرىزىسىگە يۈزلىنىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.
جۇڭگونىڭ سودا – تىجارىتى ئېغىر ھالدا مۇۋازىنەت، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتتى. جۇڭگو ئىقتىسادىنى چەت ئەللىكلەر باشقۇرىدىغان بولدى. ۋاشىنگتون خەلقئارا ئىقتىساد ئاپپاراتىنىڭ نوپۇزلۇق ئىقتىسادشۇناسى نىكولاس لەردى : چەت ئەل شىركەتلىرى جۇڭگونىڭ پۈتكۈل سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى دەپ كۆرسەتتى .
كونسېرۋاتىپ قىياس قىلغاندا جۇڭگوغا مەبلەغ سالغان تەيۋەنلىك سودىگەرلەر 800 مىڭ كىشىگە يەتتى. جۇڭگودا كارخانىلارنىڭ ھېساباتىنى كەينىگە يېنىپ ھېسابلاش يەنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدىغان ئۆلگەن قەرزنىڭ خەتىرى ئۆرلەپ كەتتى، شۇڭا تەيۋەن سودىگەرلىرىنىڭ يۈرىكى پوكۇلداشقا باشلىدى. يەرلىك ئۆزىنى قوغدىغۇچىلار ئەدلىيە ساھەسىدىكى ئادالەتسىزلەر ئۆزئارا قول تۇتۇشۇپ، تەيۋەن سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىش ھوقۇق مەنپەئەتلىرىنى زىيانغا ئۇچراتتى.
تەيۋەن سودىگەرلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش جەمئىيەتىنىڭ باشلىقى گاۋۋى باڭ : 2003 – يىلى 57 مىڭ تەيۋەنلىك سودىگەرنىڭ پايدىغا ئېرىشكەنلىرى 5% - 8% ئارىلىقىدا بولدى. 6 مىڭدىن 7 مىڭغىچە تەيۋەنلىك سودىگەر مەنپەئەت ھوقۇقلىرىنى قوغداش جەمئىيەتلىرىگە ئەرىز قىلغان ئىدى دەپ كۆرسەتتى .
جۇڭگودا كوللېكتىپ توقۇنۇش ۋەقەلىرى جىددى ئۆرلەپ كەتتى. ھەر كۈنى جۇڭگودا 240 قېتىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئالتە مىنۇتتا بىر قېتىم ۋەقە سادىر بولىدىغان بولدى. ۋەقەلەرنىڭ بۇ دەرىجىدە سادىر بولۇشى كىشىنى چۆچۈتمەمدۇ؟ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ جۇڭگودا يىمىرىلىش مۇمكىنلىكى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. شۇڭا جۇڭگوغا كاپىتال سالغۇچى سودىگەرلەر مال – مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى، ھاياتىنىڭ

بخەتەرلكى بۆگۈنكى كۈندە ئويلنشقا تېگشلك مۇھم مەسلگە ئايلنپ قالدى.
شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق! مۇستەبتىزملق سياسەت بلەن ئىمپېرىيە ئىقتسادنڭ قۇرۇلمسى بر – بردىن ئايرلپ كەتكەن كۈن، ھەرقانداق قۇدرەتلك ئىمپېرىينڭ ھالاكەتكە يۈزلەنگەن كۈندۇر .

**ختاي كېڭەيمچلك سياستنى ئوتتۇرا ئاسياغا قاراتتى**

2006 – يلى 8 – ئاينڭ 28 – كۈنى
روسيە فېدراتسيسنڭ پرېزدېنتى ۋلادىمر پۇتن 25 مليون ئورۇسنى، سابق مۇستەملكچلرى ئوتتۇرا ئاسيادىن چېكندۇرۇپ چقىپ كەتمەكچى بولدى. (ھەي تەڭشەلمگەن جاھان) روسيە پۇقرالرى چېكنىپ چقىپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسيادىكى بوشلۇققا مۇستەملكچى ختاي تىجمەللرى كۆز ئالايتشقا باشلىدى. بەلكى ختاي مۇستەملكچلرى ئوتتۇرا ئاسياغا سڭىپ كرشنى جىددىيلەشتۇردى. تىجارەت بايرىقنى كۆتۈرۈپ، مەبلەغ سېلش پىلانلرىنى ئاشكارىلاپ، ختاينڭ 28 ئۆلكسىدىن كەلگەن ختايلار ۋە ختاي مۇستەملكچلرى تەشكللگەن شىركەتلەر دەسلەپتە ئالمۇتا شەھرىدە يەرمەنكە ئاچتى. ئۇنڭدىن كېيىن قىرغىزستاننڭ ئۇيغۇر ۋلايتى ئوش شەھرىدە يەرمەنكە ئاچتى. ئاتالمش قانۇن ئەمەلدارلرىنى ئۆزبېكستانغا ئەۋەتىپ زيارەت قىلدۇرغان بولدى. قىرغىزستان ھۆكۈمتى بشكەك شەھرىدە قايسى بر كوچىنڭ نامنى «دېڭ شياۋپىڭ كوچسى» دەپ ئاتايدىغان بولدى.
ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسيادا ختاي مۇستەملكچلرنڭ كېڭەيمچلك، مۇستەملكچلك سياستگە قارشى تۇرغۇچى، ختايغا قارشى تەھدت پەيدا قىلغۇچى بر كۈچكە ئايلنپ قالدى. ختاي مۇستەملكچلرى بېيجىڭدە قىرغىزستان ھۆكۈمتى بلەن ئۇيغۇر مللى بۆلگۈنچلرگە قارشى شەرتنامسى ئىمزالدى، قازاقستان،

ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ خىتاي بىلەن بىرلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش شەرتنامىسى ئىمزالىدى. تاجىكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ياكى خىتايغا ۋەدە بەردى ياكى خىتاي بىلەن شەرتنامە ئىمزالىدى.

قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقى يوق ئۇيغۇرلار نېمىشقا خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە ۋە خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تەشۋىقاتى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە تەھدىت بولۇپ قالدى؟

ھېسابسىز بايلىقنى يوشۇرۇپ ياتقان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈزلەڭلىكى 21 – ئەسىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە ئېنېرگىيە بازىسى ۋە يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەئى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بەلكى شۇنداق بولۇپ قېلىشى بەرھەقتۇر. تارىخ بىزگە ئېيتىپ بەرگەن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە سىرلارغا ئاساسلانغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا، يېقىن كەلگۈسىدە خۇددى 19 – ئەسىرنىڭ 20 – 30 – يىللىرىدىكى ۋەقەلەرگە ئوخشاش يەنە بىر قېتىم چوڭ دۆلەتلەر تالاش – تارتىش قىلىدىغان، چوڭ دۆلەتلەر كاپىتال سالىدىغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندۇرىدىغان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەلۇم تېررىتورىيىلەرنى تەسىر دائىرىسىگە ئايرىۋالىدىغان، بەلكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق ھالدا ياكى غەيرى مۇۋاپىق ھالدا سىياسى بوران – چاپقۇنىنىڭ كۈرەش مەيدانىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن .

ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرەەن چوڭ دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرىنى بىردەكلىككە ئىگە قىلىپ، ۋاقىت ئىچىدە ماسلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلىكتە كونترول قىلىدىغان بولسا، تۈركىيە، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىشى قىيىنغا توختايدىغان بولسا، مەن ئويلايمەن تالىبانلارنىڭ ئافغانىستاندىكى پائالىيىتى ھەرەىز توختىمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى خىتايغا بىر تەھدىت بولۇپلا

قالماستىن، ھازىرغىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇ تەرىپىنى ئەنئەنىۋى تەسىر دائىرىمىز دەپ، قاراپ كېلىۋاتقان روسىيە فېدېراتسىيىسىگىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشى بىر تەھدىت بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىقنى ئالغان كۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسى ۋە باشقا قىياپەتلىرىدە زور ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى روسىيىمۇ پەملەپ يېتەلەيدۇ، ئامېرىكىمۇ پەملەپ يېتەلەيدۇ، خىتايمۇ پەملەپ يېتەلەيدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچى بىر مىللەت سۈپىتىدە خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە تەھدىت بولۇپلا قالماستىن بەلكى، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنى توسۇپ قالالايدىغان، بۈنىڭ ئۈچۈن ھېسابسىز بەدەل تۆلەيدىغان بىر كۈچ سۈپىتىدىمۇ ئۇيغۇرلار قۇدرەتلىك بىر كۈچ بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇردىن باشقا بىر قانچە مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىشى خۇددى سويلاپ كېتىۋاتقان يىلاننىڭ بېشىنى ئاچا تاياق بىلەن قىسىۋېلىپ قۇيرۇقىنى قويۇپ بەرگەندەك بىر ئىشتۇر.

2006 – يىلى 8 – ئاينىڭ 11 – كۈنى ئامېرىكا باشچىلىقىدا ئالتە دۆلەت تاشقى مۇگىنغۇلىيىدە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزگەندە، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تىنىمۇ – تىنغ تاقابىل تۇرۇپ، ئىچكى مۇگىنغۇلىيىدە 50 مىڭ كىشىلىك ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى. شىاڭگاڭلىق ھەربىي ئىشلار ئوبزورچىسى مادىڭ شىڭ 27 – كۈنى، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ خىتاي بۆلۈمگە لىكسىيە سۆزلىگەندە 50 مىڭ كىشىلىك ھەربىي مانېۋىرنى خىتاي ھۆكۈمىتى 20 مىڭ كىشىلىك ھەربىي مانېۋىر دەپ خەۋەر تارقاتتى، دەپ كۆرسەتتى.

زور كۆلەملىك ھەربىي قوشۇن بىلەن ھەربىي مانېۋىر ئېلىپ بېرىشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان سىياسى غەرەز نېمە؟ كېڭەيمىچىلىك خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىش غەرىزىدۇر.

**خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ھەل قىلغۇچ دەۋرگە كىرىپ قالدىمۇ؟**

2006 – يىلى 9 – ئاينىڭ 3 – كۈنى

8 – ئاينىڭ 26 –، 27 – كۈنلىرى ئامېرىكا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىتايشۇناس ئالىم لى ئەن يۇ، مۇتەخەسسىسلەرنى جاي – جايدىن بىر يەرگە توپلاپ «يەر شارىلىشىش ئىچىدە تۇرغان جۇڭگونىڭ ئۆزگىرىشى» دېگەن تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا «داڭ شەنفىڭ ھادىسىسى»نى مۇھاكىمە قىلدى. جۇڭگونىڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى «مۇلۇكچىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھىسى»نى مۇھاكىمە قىلىشنى توختىتىپ قويدى. 17 – قۇرۇلتايغا تەييارلىق قىلىدىغان «شىسەن يىغىنى»نى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئالىملار نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئالغا، جۇڭگودا قوزغالغان خەلق ھوقۇقىنى قوغداش ھەرىكىتىنى بىرلەشتۈرۈپ جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋەزىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىشتى.

كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ھىيا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى لى ئەن يۇ ئەپەندى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياستى دائىرىسىدە، جۇڭگونىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. بەزى ئالىملار جۇڭگونىڭ كەلگۈسىگە خېلى ئۈمىدۋار پوزىتسىيە تۇتتى. بىراق، يېڭى بۇرژۇئازىيىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە بۇ سىنىپنىڭ دېموكراتىك تەلەپلىرى، دەيدىغان كىتابى ئۇقۇملارنى جۇڭگونىڭ ھازىرقى رېئاللىقىغا تەتبىق قىلغاندەك بولدى. يەنە بەزىلەر ئاكتىپ پىكىرلەرنى يەنى – جۇڭگو ئۆزى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى، بۇ مەسىلىلەر داۋاملىق يامان سۈپەتلىك تەرەققى قىلىشى جۇڭگونى يىمىرىلىشكە ئېلىپ كېلىدۇ ياكى جۇڭگو يامان سۈپەتلىك تەرەققى قىلىۋاتقان مەسىلىلەر ئىچىدە گۇران بولىدۇ، دېيىشتى.

ئۈمىدۋار كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقاراشلارنىڭ ئەكسىچە «دوۋى» تور بېتىنىڭ تەھرىرى خې فىن: نۆۋەتتە جۇڭگودا پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئەڭ ئېغىر كىرىزىس تۈيغۇسىغا مۇپتىلا بولغان كوللېكتىپ بولۇپ قالدى، جۇڭگو رەھبەرلىرى ۋەزىيەتتىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.

يۇرىكى دۇپۇلدەشكە باشلىدى، دېيىشتى. ئارقىدىنلا يەنە باشقا كۆزقاراش – چىرىكلىشىش ھەر قاتلامدىكى سەرخىللارنى بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگودا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى، دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

بۇ يەردە مەنپەئەت ئاساسىدا بىرلەشكەن سەرخىللار مۇناسىۋىتىنىڭ يەنە مەنپەئەت تالاش – تارتىشلىرى ئىچىدە يىمىرىلىدىغان مۇناسىۋەتلەر ئىكەنلىكىنى شۇڭا چىرىكلەشكەن سەرخىللارنىڭ داۋاملىق بىرلىشىپ، جۇڭگودا ھاكىمىيەتنى قوغدايدىغان سەرخىللار بولالمايدىغانلىقىنى خې فىن ئەپەندى چۈشەنمىگەن .

فرانسىيە ئالىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دوكتورى جاڭ لۈن: نۆۋەتتە جۇڭگودا ھۆكۈمرانلىقنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمرانلىق بولۇشى مەسىلىسىدە يېڭى كرىزىس پەيدا بولدى. بۇ كرىزىس نېمە؟ سوئال قويىدى جاڭ لۈن : تارىختىكى جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرى كۆتۈرۈپ چىقىپ كرىزىس ھەل قىلماقچى بولغان ئۇسۇل – چارىلەرنى، تەدبىرلەرنى ھازىرقى جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرى يەنە كۆتۈرۈپ چىقىپ كرىزىس ھەل قىلماقچى بولدى. كونا چارە – تەدبىرلەر بىلەن يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمىغانلىقتىن يېڭى يول، يېڭى تەدبىر ئىزلەشكە توغرا كەلدى. بەزى زىددىيەتلەر داۋاملىق يامان سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. ھازىرقى تۈزۈمنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان مۇۋاپىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ يوق. بىراق بۇ مەسىلىلەر داۋاملىق يامان سۈپەتتە تەرەققىي قىلىۋېرىدىكەن ئاخىر مەۋجۇت سىياسى تۈزۈمنى خانىۋ – ۋەيران قىلىدۇ، يەنى سىياسى، ئىجتىمائىي تۈزۈم تىنىچ يول بىلەن ئۆزىنى تەرتىپكە سالالمىغاندا، ئىجتىمائىي، سىياسى تۈزۈمنى يىمىرىپ تاشلايدىغان ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش دەرھال پارتلايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

نۆۋەتتە جۇڭگودا داۋاملىشىۋاتقان خەلق ھوقۇقىنى قوغداش ھەرىكىتى مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسىتى ئىدى. بۇ پۇرسەت قولدىن كېتىدىكەن ياكى جۇڭگودا كۆتۈرۈلگەن خەلق ھوقۇقىنى قوغداش

ھەرىكىتى باستۇرۇلىدىكەن جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى مۇقەررەر خەتەرلىك بولىدۇ.

**يۆتكەش قىزغىنلىقىمۇ ياكى ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىش قىزغىنلىقىمۇ؟**

2006 – يىلى 9 – ئاينىڭ 7 – كۈنى

9 – ئاينىڭ 5 – كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت يۈزلىگەن يېزا ۋە مىڭلىغان ئۇيغۇر كەنتلىرىدە، ئۇيغۇر ياشلىرىنى كۆز يەسلىدە يۆتكەپ چىقىپ، كىرىمنى كۆپەيتىش سەپىرىگە ئاتلاندۇرۇش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. قەشقەر شەھەرلىك «ئىنتىپاق ياچايكىسى»نىڭ تەييارلىغان ماقالىسىدا: قەشقەر يويىز ئىستانسىسى «قاينام تاشقىنلىققا چۆمدى». كۆز يەسلىدە ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ چىقىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا سەپەرۋەرلىك قىلىش يىغىنى بۇ يەردە «داغدۇغىلىق» ئۆتكۈزۈلدى دەپ، خەۋەر قىلىندى. بۇ يىغىنغا قاتناشقان ئەبگا، لەقۋا ئۇيغۇرنىڭ «قىزغىنلىقى» يەلەكتىن ئاشتى. ئۆزنىڭ يېغىدا ئۆزنىڭ گۆشىنى قورۇشقا ئۇستا بولۇپ كەتكەن خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى تۆمۈر مەمەتنى (تېمۇر مەي مەيتى) دېگەن ئەبلەخنى ئىشقا سېلىپ، يۈقىرىقى «داغدۇغىلىق» يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدۇردى. 1987 – يىلى خىتاي مۇستەملىكچىلىرى «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش لايىھىسى»گە تۆمۈر داۋامەتنى يەنە بىر خىتايچە ئىسمى تېمۇر داۋامەيتىنى قول قويدۇرغان بولسا، قەشقەردىن «ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرى»نى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىش مۇراسىمىغا يەنە بىر تۆمۈر مەمەيتىنى قول قويدۇردى. «لەقۋا ئۇيغۇرلار»، «ئەبگا ئۇيغۇرلار»، «كالۋا ئۇيغۇرلار» يويىز ۋاگونلىرىنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ كۈلۈپ تۇرۇشتى. (بۇ ئۇيغۇرلار ھازىر ئىچكىرى خىتاينىڭ قايسى خاڭلىرىدا، قايسى خۇمدانلىرىدا ئۆلۈپ قېلىشتى ھېچكىم بىلمەيدۇ). بۇ يويىز نەگە بارىدۇ، بۇ ئۇيغۇرلار نەگە بارىدۇ، ھېچكىم

بىلمەيدۇ. بىڭتۇەنگە قەيەرگە شىمالىي ئۇيغۇرىستانغىمۇ، شىخەنزىگىمۇ، ئۇنداقتا ئىلى ئۆلكىسىدە ئاپتوبۇسقا چىققان ئاتالمىش ئىشىندى ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرى نەگە بارىدۇ، قەشقەرنىڭ ئۇيغۇرلىرىنى ئىلى ۋىلايىتىگە، غۇلجا دالالىرىغا، ئىلىنىڭ، غۇلجا شەھرىنىڭ ئۇيغۇرلىرىنى قەشقەر ۋىلايىتىگە يۆتكەيدىغان ئىش بارمىدى؟ ياق! تامام ئەكسىچە، سىچۇەننىڭ كۆچمەن خىتايلىرىنى قەشقەرگە، غۇلجىغا يۆتكەيدىغان، قەشقەرنىڭ، غۇلجىنىڭ ئۇيغۇرلىرىنى سىچۇەنگە، جېجاڭغا يۆتكەيدىغان ئىش باشلاندى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا!
ئۆتكەندە قەشقەر ھۆكۈمەت تور بېتىدىن ئېلىنغان خەۋەرلەرنى ھەرقايسىڭلارغا ئاڭلاتقان ئىدۇق. بىر پەيزاۋات ناھىيىسىدىن 18 ياشلىق 400 نەپەر ئۇيغۇر قىز ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلدى. پوسكام ناھىيىسىدىن 210 نەپەر ئۇيغۇر قىز ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلدى، دېگەن ئىدۇق. ئەمدى بۈگۈن قەشقەردە داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىلدى، ئاتالمىش ئۇيغۇر ئىشىندى ئەمگەك كۈچلىرىنى پويىزغا قاچىلىدى. نەگە بارىدۇ؟
خەۋەر يازغۇچى خىتاي مۇخبىر پەن گۈي «قەشقەر گېزىتى»گە 8 – ئاينىڭ 8 – كۈنى مۇنداق خەۋەر يازدى: قەشقەر ئۆستەڭ بويى مەھەللىسى ئىش بېجىرىش ئورنى، ئاھالىلەر كومىتېتى، رەشلىيە، كەشتە توقۇيدىغان 30 نەپەر ئۇيغۇر قىزنى تەشكىللەپ جاڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇجۇ شەھرىگە خىزمەتكە ئەۋەتتى. ئۇيغۇر قىزلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قول ھۈنەر سەنئىتىنى سۇجۇغا ئېلىپ بېرىپلا قالماي، سۇجۇ بىلەن قەشقەر ئوتتۇرىسىغا تېخىمۇ ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكىنى سالدى، دەپ يازدى.
تېمۇر داۋامەتى توقسۇندىن چىققان بولسا، تېمۇر مەي مەيتى قەشقەردىن چىقتى. سەيپىدىڭ ئاتۇشتىن چىققان بولسا، ئابۇلەيتى ئابۇدۇرەيشىتى غۇلجىدىن چىقتى. ساتە – سات خائىنلىرى، ساتە خائىنلار بۇ ۋەتەننى سات! بۇ خائىنلار ئاۋۋال ئىماننى ساتتى، ئاندىن

مېهراپنى ساتتى. بۇ خائىنلار روزى – رامىزاننى ساتتى، بۇ خائىنلار ئۇيغۇر تىلىنى ساتتى، بۇ خائىنلار ئۇيغۇرنىڭ غۇرۇرىنى ساتتى، بۇ خائىنلار ئەمدى ئۇيغۇرنىڭ قىزلىرىنى ساتتى، ئۇيغۇرنى ساتتى خائىنلار، رەشلىيە، كەشتىچىلىك، قول – ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ پاتنېت ھوقۇقىنى ساتتى خائىنلار! ساتقىنىمۇ بولدى خائىن، سېتىلغانىمۇ بولدى خائىن. خېنىمغا پوسما دەپ، ساتتى، بىگىمگە تاسما دەپ ساتتى، تەتەيگە ئوسما دەپ ساتتى (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر) نىمە دېسە شۇنداق دەپ ساتتى، ساتە خائىنلىرى ساتە بۇ مىللەتنى سات!

خىتاي مۇخبىر «قەشقەر گېزىتى»گە، 8 – ئاينىڭ 8 – كۈنى خەۋەر يازدى : قەشقەر كونا شەھەرلىك ھۆكۈمەت 150 نەپەر ئوغۇل – قىز ياشلارغا ئوخشاش كىيىمنى كەيدۈرۈپ، بەلكى خىتايچە كىيىندۈرۈپ تيەنجىن شەھرىنىڭ دوڭ لىڭ سېمۇنت زاۋۇتىغا يۆتكەپ كەتتى، دەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن يەنە تيەنجىن شەھەرلىك لەنچى پىلاستىك يىلىم ئىشلەش چەكلىك شىركىتى بىلەن، قەشقەر توقۇزاق ناھىيىسى توختام تۈزۈپ، توقۇزاق ناھىيىسى بۇ شىركەتكە يەنە 150 نەپەر ئۇيغۇر ئوغۇل – قىزنى ئىشچى ئورنىدا ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولدى. ئۇلار مىڭ يۈەندىن مائاشقا ئىشلەر ئىمىش.

400 نەپەر 19 ياشلىق ئۇيغۇر قىزنى تيەنجىن، جېجاڭغا يوللاپ بەرگەن پەيزاۋات ناھىيىسى، تيەنجىن توقۇمىچىلىق گۇرۇھى تيەنيى چەكلىك شىركىتى بىلەن توختام تۈزۈپ، بېيجىڭ باۋجيا كىيىم – تىكىش چەكلىك شىركىتى بىلەن توختام تۈزۈپ 1150 نەپەر ئۇيغۇر قىزنى پەيزاۋات ناھىيىسى ئىچكىرى خىتايغا يوللاپ بەرمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە پەيزاۋات ناھىيىسى 800 نەپەر ئۇيغۇر قىزنى بېيجىڭ باۋجيا كىيىم – تىكىش چەكلىك شىركىتىگە يوللاپ بەرمەكچى بولدى. 600 يۈەندىن مائاشقا ئىشلەر ئىمىش.

بۇ مىللەت ئۇيغۇر نېمىگە ئوخشاپ قالدى، قوي پادىسىغا، تۆت پۇتى باغلانغان قويمۇ پىچاق بوغزىغا يەتكەندە، مەرەيدىغۇ، تىپىرلايدىغۇ؟ بۇ

مىللەت ئۇيغۇر نېمگە ئوخشاپ قالدى، كالىغا، كالىمۇ بىر كالا ئۆلسە مىڭ كالا مۆرەيدىغۇ؟ بۇ مىللەت ئۇيغۇر نېمگە ئوخشاپ قالدى، ئاڭقاغا، بۇ دەۋر ئىپتىدائى دەۋر ئەمەس ئىدىغۇ؟ بۇ مىللەت ئۇيغۇر نېمگە ئوخشاپ قالدى، بىر لوقمىنى كۆرسە بىر – بىرىنى تالايدىغان چىل بۆرىگە، ھەتتەڭەي، چىل بۆرىمۇ ۋاقتى كەلگەندە ئۆز تۇپىنىڭ مەنپەئەتىنى، تېررىتورىيىسىنى قوغدايدىغۇ؟

ھايۋاناتلار دۇنياسىنى جاھاننامە ئەينەكتە كۆرۈپ تۇرىمىز، شىر ئۆز توپى بىلەن، يولۋاس ئۆز توپى بىلەن، مايمۇن ئۆز توپى بىلەن تەبىئەتتە توپلىشىپ ئۆزلىرىنى قوغدايدىغۇ؟ بۇ مىللەت ئۇيغۇرلار بۈگۈن نېمگە ئوخشاشىپ قالدى، ئوخشىتىشقا ھەددىم بارمۇ مېنىڭ؟! خىتاي بۇ مىللەتنى ئوخشاتتى، نېمگە «خو شوخۋادى سىڭكۇ»دەپ ھايۋانغا ئوخشاتتى. يەنى خىتايلار، ئۇيغۇرلارنى سۆزلەشنى بىلىدىغان ھايۋان دەپ تەرىپلىدى.

خىتاي، ئۇيغۇرلارنى ئەزدى، ھاقارەتلىدى دەپ، تەنقىد قىلدۇق. ئۇيغۇر نېمىشقا ئېزىلدى، نېمىشقا ھاقارەتلەندى؟ قولۇڭ يوقمىدى ئۇيغۇر، سۆزىڭ يوقمىدى ئۇيغۇر، كاللاڭ يوقمىدى ئۇيغۇر، ئېلىپ، لام دەپ ئىسلامغا بەيئەت قىلغاندا ئاللاھتىن قورقىمەن دېگەن ئۇيغۇر، ئەمدى بۈەۈن نېمىشقا بەندە خىتايدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟ راستى بىلەن يالغاننىڭ، ساختا بىلەن ھەقىقەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا 1200 يىل ياشىغان ئۇيغۇر، ئېسىت، ئېسىت مىللىتىم ئۇيغۇر!!!

### جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ قۇرۇلمىسى كونتروللۇقنى يوقاتتى

2006 – يىلى 9 –ئاينىڭ 9 – كۈنى

مەتبۇئاتلار پىكىر قىلىپ، جۇڭەو قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىدا مەسىلىلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكى، زىددىيەتلەرنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغانلىقىنى، ئىچكى – تاشقى جەھەتتە يۇقىرى – تۆۋەنگىچە بۇ مەسىلەرنى ئېتراپ قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ

مەسىلىلەر ئىناۋەتلىك قەرزنى، مەبلەغ سېلىش، ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ تىزلىشىپ كەتكەنلىكى، بولۇپمۇ ئۆي – مۈلۈك تىجارىتىدە قىزىپ كېتىشنىڭ ھەددىدىن زىيادە بولۇپ كەتكەنلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلدى. نۆۋەتتە ئىقتىسادى تەرەققىيات قىزغىنلىقى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئىچكى – تاشقى جەھەتتە كونتروللۇقىنى يوقىتىپ قويغانلىقى بولۇپ ئىپادىلەندى.

ئىچكى بازار كاساتلاشتى. جۇڭگو ئىقتىسادى مەبلەغ ۋە ئىمپورت – ئېكسپورت سودىسىغىلا تايىنىپ قالدى. ئاۋۋالقى بىر يېرىم يىلدا جۇڭگونىڭ ئىمپورت، ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئومۇمى سوممىسى 790 مىليارد دوللارلىق يېڭى سەۋىيىگە يەتكەندە تەتۈر پەرق 614 مىليارد دوللارلىق دىكورتقا يەتتى. سانلارنىڭ بۇ دەرىجىدىكى پەرقى ئىنتايىن زور چۆچۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 7 –ئايدىكى سانلىق مەلۇمات ئېلان قىلىنىدىغان بولسا، 14.68 مىليارد دوللار قوشۇلغان بولدى. 1 – ئايدىن 7 – ئايغىچە ئىمپورت، ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئومۇمى سوممىسى 940 مىليارد دوللارغا يېتىپ مىڭ مىليارد دوللارلىق ئۆتكەلگە يېقىنلىشىپ قالدى. لېكىن دائىرلەر ئىمپورت مىقدارىنى كۆپەيتكەن ئەھۋالدا 7 – ئاي ئىچىدە تەتۈر پەرق 6 – ئاي ئىچىدىكى تەتۈر پەرقتىن تېخىمۇ ھالقىپ 146 مىليارد دوللارغا يەتتى. شۇنداق بولغاندا 1 – ئايدىن 7 – ئايغىچە تەتۈر پەرق 760 مىليارد دوللارلىق رىكوردنى ياراتتى. بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىمپورت، ئېكسپورت سودىسى دائىرلەر بەلگىلىگەن 15% نىشاندىن ھالقىپ كەتتى. ئەمدى تاشقى سودىدا كۆرۈلگەن تەتۈر پەرقنى ئۆزگەرتىپ يېزىشقا توغرا كەلدى. جۇڭگودا دائىرلەر بۇ ھالەتنى نەتىجە دەپ، مەدھىلىمىدى. ئەكسىچە، بالايىئاپەتكە دۇچ كەلدۇق دەپ، قارايدىغان بولدى. بۇ بالايىئاپەت جۇڭگونىڭ مۇھىم سودا شىرىكلىرى، ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈش بىلەن ئىپادىلەندى. خەلقئارا

سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خىتاي ئويلىغاندەك ئۇنداق ئوڭايغا توختىمايدىغانلىقىنى يۇقىرى پاكىتلار ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى.
يەنە بىر تەرەپتىن تاشقى پېرۋوت زاپىسىنىڭ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مىڭ مىليارد دوللارلىق ئۆتكەلگە يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. بۇنداق ئەھۋالدا خەلقئارا كىرىم – چىقىم تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتسا، خىتاينىڭ خەلق پۇلى تېخىمۇ يۇقىرى بېسىم – خەلق پۇلىنىڭ كۇرسىنى ئۆستۈرۈش بېسىمىغا دۇچ كېلىدۇ. تەتۈر پەرقىنىڭ بىرنەچچە يۈز مىلياردقا يېتىپ بېرىشى، جۇڭگونىڭ تەرەققى قىلىۋاتقان ئىقتىسادىدا 2005 – يىللاردىلا ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.
سودا تەتۈر پەرقىنىڭ يۇقىرى بېسىمىدىن باشقا، ئىقتىساد تەرەققىياتىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن مۇھىم كۈچ ئىمپورت – ئېكسپورت سودىسىدىمۇ ئېغىر مەسىلىلەر ساقلاندى . تاۋار ماللار سۈپىتى يۇقىرى بولمىدى، ئۇنۇم پايدا كۆرۈنەرلىك بولمىدى، بۇ خىل ئىچكى مەسىلىلەر، جۇڭگونىڭ سودا شېرىكلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا – تىجارەت سۈركىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دېمەك، جۇڭگودا تاشقى سودىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تەرەققى قىلىشى زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى.
جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ ئەھۋالىنى كۈزىتىپ تۇرغان خەلقئارا مەتبۇئاتلارمۇ بۇ توغرىدا پىكىر بايان قىلغان ئىدى. مەسىلەن، 8 – ئاينىڭ 1 – كۈنى «جەنۇبىي گېرمانىيە گېزىتى»، «جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ھۆمران بولۇشقا دۇچ كەلدى» ماۋزۇلۇق سەرلەۋھە ئاستىدا : «جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ئاۋۋالقى يېرىم يىلدا %10.9 سەۋىيىدە ئۆسۈپ ئون يىلدىن بېرىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. ئۇسكۈنىلەرگە سېلىنغان مەبلەغ ھەتتا %30 لىك رەقەم بىلەن ئۆسكەن بولدى. بۇ جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا ياخشى خەۋەر ئەمەس يامان خەۋەر ئىدى. چۈنكى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھۆكۈمەت ھەددىدىن زىيادە مەبلەغ سېلىشنى چەكلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ كەلدى. پۇرسەتپەرەسلىك چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان ئەھۋالدا ئىچكى – تاشقى تەرەپتىن مەبلەغ

سېلىش جۇڭگو ئىقتىسادىنى خۇددى ئىسسىق يەل بىرىلگەن شارغا ئوخشىتىپ قويىدى» دەپ كۆرسەتتى.
بۇ گېزىت يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: «جۇڭگو دائىرلىرى ھەر ئايدا يېڭى تەدبىر، يېڭى سىياسەتلەرنى جاكارلاپ تۇرسىمۇ لېكىن يېڭى سىياسەتلەر ھېچقانداق رول ئوينىمىدى... ئىقتىسادشۇناسلار جۇڭگودا قايتا كۆرۈلىدىغان پۇل پاخاللىقىدىن ئەنسىرىمەكتە. ئەگەر جۇڭگو ئىقتىسادى قاتتىق ئولتۇرۇپ قالىدىغان بولسا، جۇڭگوغا ۋە ئاسىيا دۆلەتلىرىگە ئىقتىسادى خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ، تايلانت، مالايشا، ھىندىنوزىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئاۋۋال زەربىگە ئۇچرايدۇ» دەپ كۆرسەتتى.
8 –ئاينىڭ 25 – كۈنى «جۇڭگو پات ئارىدا گۇمران بولىدۇ» ماۋزۇلۇق كىتابنىڭ ئاپتورى خىتاي نەسىللىك ئامېرىكىلىق ئادۋوكات جياڭ جيادۇن: «جۇڭگونىڭ بانكا سىستېمىسىغا ئۇمىدۋار پوزىتسىيە تۇتقىلى بولمايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: «جۇڭگو بانكىلىرنىڭ مەبلىغى قەرزنى تۆلەشكە يېتىشمەيدۇ، بۇ بانكىلار ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولغان، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان، سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بانكىلاردۇر. بۇ بانكىلار ھازىر كۆچمە مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەگەر چەت ئەل بانكىلىرى، جۇڭگو بانكىلىرىدەك، جۇڭگونىڭ ئىچىدە ئىمتىيازغا ئېرىشىدىغانلا بولسا، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگونىڭ كۆچمە مەبلىغىنى ئۆزىگە تارتىۋالىدۇ. مەبلەغنى ئۆزىگە تارتىۋېلىش ئەلۋەتتە جۇڭگو بانكىلىرىغا زور تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ، چۈنكى، شۇ ۋاقىتقا يەتكەندە جۇڭگو بانكىلىرنىڭ مەبلىغى قەرزنى بويلىيالمايلا قالماستىن كۆچمە مەبلەغدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ» ھەتتا، دېدى جياڭ جيادۇن: «كىشلەر بانكىدىن پۇل ئېلىشقا باشلايدۇ، قىستاڭ – قىستاڭ پۇل ئېلىش، بەس – بەس بىلەن پۇل ئېلىش بانكىنى قۇرۇقداپ قويىدۇ.

ئوهوي رادىئو ئاڭلىغۇچىلار ئىش شۇنداق بولىدىغان بولسا، 1914 – يىلىدىكى بۈيۈك پىرىنسىپ يەنىشكەي دەۋرگە قايتىپ كېتەمدۇق، - ئەمدى؟!

**زاماننىڭ زۇرۇرىيىتى ۋە خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ جاۋابكارلىقى**

2006 – يىلى 9 –ئاينىڭ 13 – كۈنى

زامان قىستاپ كەلگەندە، زامان ئىچىدە تەييارلانغان پىكىرلەر زۇرۇرىيەتكە ئايلىنىپ، زۇرۇرىيەتمۇ قىستاپ كەلدى.

1997 - ، 1998 – يىللىرى خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمى تۇرۇشلۇق ۋەكىلى چىن خۇاسۇن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 18 نەپەر قانۇنشۇناسىنىڭ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «ئىقتىسادى جەمئىيەت، مەدەنىيەت ھوقۇقى خەلقئارا ئەھدىنامىسى»، «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسى ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى» قاتارلىق ئىككى پارچە ئاساسلىق قانۇنلىرىغا قول قويغان ئىدى. خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ قورچاق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى بۇنىڭ ئىچىدە «ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت ھوقۇقى خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نى تەستىقلاپ تارقاتقان بولدى. ئۇيغۇرستاندا قانچىلىك ئەمەلىيلەشتى؟ بۇ قانۇن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندىمۇ، - يوق؟ خەۋىرىمىز يوق.

بىراق، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى «پۇقرالار ھوقۇقى، سىياسى ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نى ھازىرغىچە تەسقىتلاپ تارقاتمىدى. پۈتكۈل جەمئىيەتنى بۇ توغرىدا مۇستەملىككە ئۇيغۇرستاندا ئۇيغۇرلارنى خەۋەرلەندۈرمىدى. ئۆتكەن يىلى 7 – ئايدا ياۋرۇپا پارلامېنتى، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھاكىمىيىتى ۋە خىتاينىڭ خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا خەلقئارا بېسىم ئىشلىتىپ بۇ قانۇننى دەرھال تەستىقلاشنى تەلەپ قىلغانتى. ئەسلى قائىدە بويىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قانۇنشۇناسلىرى بولۇپمۇ 18 نەپەر قانۇنشۇناس

مۇتەپەككۇر ھەر يىلى بۇ قانۇننى خىتاي ھۆكۈمىتى، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ تەستىقلىغان ياكى تەستىقلىمىغانلىقىنى، ئىجرا قىلىغان ياكى ئىجرا قىلمىغانلىقىنى ۋەزىيەتنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. بىز بۇ قانۇنشۇناسلارنىڭ شۇ تەرىقىدە ئىشلەۋاتقانلىقىغا چوقۇم ئىشىنىمىز. لېكىن خىتاي مۇستەملىكچىلىرى بۇ دۆلەتنىڭ قورچاق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى «پۇقرالار ھوقۇقى، سىياسى ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نى ھازىرغىچە تەستىقلاپ تارقاتمىدى.

بۇ ئىككى پارچە قانۇننىڭ 1 – قىسىم 1 – ماددىسىدا: ئوخشاشلا «بارلىق خەلقلەر يەنى مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق، ئۇلار بۇ خىل ھوقۇقلارغا تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسى ئورنىنى ئىختىيارى بەلگىلەيدۇ، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ «ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىختىيارى ئىزلىنىدۇ» دەپ، بەلگىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى، زامان قىستاپ كەلدى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىغا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىختىيارى ئىزلىنىدىغان ۋاقىت كەلدى. زامان قىستاپ كەلدى، زۆرۈرىيەت قىستاپ كەلدى، سېكرىتار ۋاڭ لې چۈەن ھەمدە جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى زاماننى، زۆرۈرىيەتنى، ۋاقىتنى توغرا مۆلچەرلىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا تەييارلىق قىلىشى لازىم بولىدىمۇ، - قانداق؟

بىراق، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرىتارى ۋاڭ لې چۈەن مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا يۇقىرى تەلەپلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىمۇقارشى ھەرىكەتلەرنى قىلدى. نېمە ئىشلارنى قىلدى؟

خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرىتارى ۋاڭ لې چۈەن 1997 – يىلى ئىلى ئىنقىلابىدىن كېيىن غۇلجا شەھرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى سەھرالارغا قوغلاپ چىقاردى. ئەمدىلىكتە ئۇيغۇرىستاننىڭ كاتتا شەھرى قەشقەر شەھرىگە قول سالدى. 2000 يىلدىن بېرى بۇ

شەھەردە ئۇلتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى سەھرالارغا قوغلاپ چىقىرىشقا باشلىدى. 98% تىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگە تولىشىپ ئولتۇراقلاشقان، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرىتارى ۋاڭ لې چۈەن بۇ ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرماقچى بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەشقەر ئۆلكىسىدە تولىشىپ ئولتۇراقلىشىپ كۈچكە ئايلىنىشىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۆلكىدە سىياسى، ئىجتىمائىي، مىللى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىشىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۆلكىدە قوراللىق كۈچ تەشكىللىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى. شۇڭا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش دەيدىغان ئاشكارە شۇئارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ۋاڭ خىتاي كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان مەخسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. بىرلا يوپۇرغا ناھىيىسىدىن 11 مىڭ نەپەر ئۇيغۇر يۆتكەپ كېتىلدى. پەيزاۋات ناھىيىسىدىن 400 نەپەر 19 ياشلىق ئۇيغۇر قىز ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلدى. پوسكام ناھىيىسىدىن 110 نەپەر ئۇيغۇر قىز ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلدى. خىمىيۋى ئوغۇت بەرمەيمىز، ئېتىزلىرىڭنى سۇغۇرۇشقا سۇ بەرمەيمىز، دېدى. دېھقانلارنى زورلىدى، ياق! ئىچكىرى خىتايغا بارمايمىز، دېگەنلەرنى قولغا ئالدى، تۈرمىگە تاشلىدى، زورلاش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىپ كەتتى.
«پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسى ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نىڭ 8 – ماددىسىدا: ھەرقانداق ئادەم قۇل قىلىنماسلىقى كېرەك، ھەرقانداق شەكىللىك قۇللۇق تۈزۈم، قۇللارنى ئېلىپ سېتىش چەكلىنىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇنداقتا خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرىتارى ۋاڭ خىتاي نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ؟ ئۇيغۇرلار بۈگۈن مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا، ئىجتىمائىي، سىياسى قۇللارغا ئايلاندى. ئۇيغۇر قىزلىرى، قۇل ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرى سۈپىتىدە ئىچكىرى خىتايغا سېتىلدى. سېتىلدى دېيىشكە قانداق جۈرئەت قىلدۇق؟ خىتاينىڭ شىنجىن شەھرىدە بىر ئەمگەك كۈچىنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە

كىرىمى 5 مىڭ يۈەن ھېسابلاندى. ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئىجارىسى 1200 يۈەن ھېسابلاندى. پەيزاۋات ناھىيىسىدىن يۆتكەپ كېتىلگەن (6.30) 200 نەپەر ئۇيغۇر قىزنىڭ ئىچىدە تۇرسۇنگۇل ئىسىملىك ئۇيغۇر قىز: نەنجىنگە بارساق ئايلىقىمىزغا 450 يۈەن مائاش بېرىدۇ، دېدى. نەنجىن شەھىرى بىلەن شىنجىن شەھىرىنىڭ مائاش جەدۋىلىدە قانچىلىك پەرق بار؟ 450 يۈەن؟! ئۇيغۇر قىزى تۇرسۇنگۇل، تاماق يەمدۇ، ئۆي ئىجارىسىنى تۆلەمدۇ، كىيىم كىيەمدۇ، نېمىگە يېتىدۇ؟ قانچە سائەت ئىشلەيدۇ، ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇنداقتا تۇرسۇنگۇل قۇل ئورنىدا سېتىلغان بولماي باشقىچە نېمە بولۇشى كېرەك ئىدى؟ ھېسابسىز جاھان يوق، ئۇيغۇرلارغا جاۋاب بېرىشكە تەييارلىق قىل ۋاڭ خىتايلار! نېمىگە ئىشەندىم، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە!

### خىتاينىڭ جاسۇسلىرى تەيۋەننىڭ ۋەزىيىتىگە ئارىلاشتى

2006 – يىلى 9 – ئاينىڭ 17 – كۈنى

خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتىنى تەختتىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن، تەيۋەنلىكلەرنىڭ جىم ئولتۇرۇپ نامايىش قىلىشى ھەرىكىتى 9 – ئاينىڭ 9 – كۈنى باشلىنىپ ھازىرغىچە بىر ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى.

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تەيۋەن مەتبۇئاتلىرىغا سىڭىپ كىرىشنى سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇردى. تەيۋەن مەتبۇئاتلىرىنىڭ پاي – چېكىنى مەخپىي سېتىۋېلىپ، «جۇڭگونىڭ مەتبۇئات بازىرى» دېگەن يەمچۈكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، تەيۋەن مەتبۇئاتلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەسىر كۆرسىتىپ، مالىيە گۇرۇھلىرىغا بېسىم ئىشلەتتى.

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تەيۋەن مەتبۇئاتلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق تەيۋەن دېموكراتىيىسىگە قارا سۈركىمەكچى بولدى. تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشتىن پايدىلىنىپ، خىتاي قۇرۇقلۇقىدا يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان كىرىزىسنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى.

هازىرغىچە تەيۋەندە نامايىش قىلىش ھەرىكەتلىرىدە زوراۋانلىق كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، تەيۋەنگە يوشۇرۇنغان كوممۇنىزىمچى كىشىلەر زوراۋانلىققا چاقىرىق قىلىشقا باشلىدى. شياڭگاڭدا كوممۇنىزىم پەرەست مەتبۇئاتلار ۋە خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ياللاغا ئالىملىرى توختىماستىن ئوت قۈيرۇقلۇق قىلىشقا باشلىدى. تەيۋەن ئاچا يولغا كېلىپ قالدى. تەيۋەن مەتبۇئاتلىرى ۋەقەلەرگە ئارىلىشىپلا قالماستىن، نامايىش ھەرىكەتلىرىگە قوماندانلىق قىلغۇچى، رېژىسسورلۇق قىلغۇچى مەتبۇئاتلارغا ئايلىنىپ قالدى.
يېقىندىن بېرى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۈچۈر – ئالاقە مىنىستىرلىكى ۋە ئارمىيە تەرەپنىڭ باش شتابى تىزگىنلىگەن مالىيە گۇرۇھلىرى، تەيۋەن مەتبۇئاتلىرىنىڭ پاي – چېكىنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا تىزگىنلەپ، جاسۇسلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، سېتىۋېلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تەيۋەن مەتبۇئاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تەيۋەندە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش ھەرىكىتىنىڭ كەينىدە نىقابلانغان قوماندانغا ئايلاندى.
تەيۋەندە جىم ئولتۇرۇپ نامايىش قىلىۋاتقىنا پۇقرالارنىڭ ئىچىدە رادىكال زوراۋانلىققا كۈشكۈرتكۈچىلەرمۇ پەيدا بولدى، قارا قوللارنىڭ قوماندانلىقىدىكى «ئىلاھى ئەلچىلەر» نامايىشچىلار قوشۇنىدا پەيدا بولدى.
تەيۋەن ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس چىن كوڭلى پەقەت ئىككى يول بار، قانۇنى ۋاستىلەر ئارقىلىق پىرېزىدېنتنىڭ پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈش، ئىككىنچى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق پىرېزىدېنتنى تەختىن چۈشۈرۈش بۇ مۇتەخەسسىس ئاشكارىدىن – ئاشكارا نامايىشچىلارنى تەيۋەندە زوراۋانلىققا كۈشكۈرتتى.
ئۇ «دۆلەت سەندە تۇرماس، بۇ مەينەت مەندە». دېموكراتىك تەيۋەن تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلىپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى خىيانەتچىلەر

گۇرۇھنى تەختتىن چۈشۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. خىتاي كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق بىلەن چىرىپ كەتتى. جۇڭگو پۇقرالىرى نېمىشقا نامايىش قىلالمايدۇ؟ قىلىدۇ ھامان بىر كۈنى نامايىش قىلىدۇ، تەيۋەننىڭ بېشىغا كەلگەن كۈننى خىتاينىڭ بېشىغا كەلمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟!

**ئاللاھ تەقدىم قىلغان ئەركىنلىك**

2006 – يىلى 9 – ئاينىڭ 21 – كۈنى

ئاللاھ تەقدىم قىلغان ئەركىنلىكنى بىر ئادەم ئىككىنچى بىر ئادەمگە ئۆتۈنۈپ بېرەلمەيدۇ، ئاللاھ تەقدىم قىلغان ئەركىنلىكنى بىر مىللەت ئىككىنچى بىر مىللەتكە ئۆتۈنۈپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تەقدىم قىلغان سىياسى تاللاش ھوقۇقىنى بىر مىللەت ئىككىنچى بىر مىللەتكە ئۆتۈنۈپ بېرەلمەيدۇ.

يېقىندا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى 2006 – يىللىق خەلقئارا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا دوكلاد ئېلان قىلغاندا، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن پرېزىدېنت بوش سۆھبەت بايان قىلىپ: ئەركىنلىكنى ئاللاھ ئۆزى ھەربىر ئىنسانغا تەقدىم قىلغان، - دېيىش ئارقىلىق ئىنتايىن چوڭقۇر ھېكمەت بىلەن دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئۇقۇمىغا تەبىر بەردى.

ئەسلەپ كۆرسەك، ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق خىتاپنامىسىدا: «ئادەملەر تۇغۇلۇش بىلەنلا باراۋەر، ئۇلار ياراتقۇچى تەرىپىدىن باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ھوقۇقلارغا جۈملىدىن ھاياتلىق ھوقۇقى، ئەركىنلىك ھوقۇقى، بەخت قوغلىشىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىرىشكەن دەپ كۆرسەتكەن.

50 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلىدى، ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېتىقاد مۇناسىۋەتلىرىگە شەك كەلتۈرۈپ، دىنغا ئىشىنىدىغان پۇقرالارنى

ئەخلاقسىز ھايۋانلارغا ئايلاندۇرماقچى بولدى. دىنسىز خىتاي پۇقرالىرى بىلەن مۇقەددەس دىنغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش قوغداشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلەندى. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقاد ھېسسىياتى ۋەھىمىگە دۇچ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلى سىياسى تەپەككۇرى، زوراۋانلىققا دۇچ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى مۇراسىم پائالىيەتلىرى چەكلەشكە دىنى ئادەملەر خورلاشقا، ھاقارەتكە دۇچ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئاكابىرلىرى ياكى ئۆلۈم جازاسىغا ياكى مۇددەتلىك، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا دۇچ كەلدى. دىنى ئېتىقاد، دىنى پائالىيەتلەرگە ئاتېزىم تەشۋىقاتى ۋە ماركسىزم تەلىماتى قارىمۇقارشى قويۇلدى.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى يوقىتىش ئۇچۇن خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئاۋۋال دىنىنى يوقاتماقچى بولغان غەرىزىنى بىرىنچى كۇن تەرتىپكە قويدى.

يېقىندا ئۇيغۇر تىلىنى يوقىتىش پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. دېمەك تىل – ئۇيغۇر تىلى، دىن – دىنى ئېتىقاد، ئۇيغۇرنى مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇرلارغا ئالLاھ تەقدىم قىلغان مىللى ئالاھىدىلىكلەر ئىدى. يېقىندىن بېرى خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتىنىڭ ھوقۇق ئاپپاراتلىرى ئۆزلىرىمۇ جىددىيلىشىپ قالدى ۋە دىنىنى يوقىتىش تەدبىرلىرىنى خىلمۇخىللاشتۇرۇپ جىددى يولغا قويۇشقا باشلىدى. ئىمام بولغۇچى دىنى ئۆلىمالارنى لاياقەتلىك، لاياقەتسىز دەپ، ئايرىپ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مىللى ھۆكۈمرانلىقىنى قوللايدىغان دىنى ساتقۇنلارغا لاياقەتلىك كېنىشكىسى تارقىتىپ بېرىپ مەسچىتلەرگە ئىمام قىلىپ بەلگىلىدى.

**تېررىتورىيە مەسىلىسى**

2006 – يىلى 9 – ئاينىڭ 25 – كۈنى

تەيۋەننىڭ پارىخور پرېزىدېنتى چېن شۈي بيەن جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى (بۇغۇ مەيلىتى) تاشقى مۇڭغۇلىيە رېسپوبلىكىسىنى ئېتىراپ قىلىش ياكى ئېتىراپ قىلماسلىق توغرىسىدا بىر تاغار گەپ ساتتى. چېن شۈي بيەننىڭ ئاشكارىلىشىچە ئەسلى تەيۋەننىڭ چېگرالىرى يەنى گومىنداڭ خىتايلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان چېگرالار تاشقى مۇڭغۇلىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

تەيۋەننىڭ يەنە بەزى تارىخچىلىرى تەيۋەن ھاكىمىيىتىنىڭ دۆلەت خەرىتىسى، مانجۇ – مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت خەرىتىسى بىلەن چەكلىنىشى كېرەك، دېگەن ئىمىش. يەنە بەزى تەيۋەن تارىخچىلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دۆلەت چېگراسىنى چېگرا قىلىپ بېكىتىش كېرەك، ھەتتا ياۋرۇپا، ئاسىيا ئافرىكا قىتئەلىرىگە تېررىتورىيە تەلىپى قويۇش كېرەك، دېگەن ئىمىش.

خىتاي بۇ مىللەتنىڭ قىزىل راۋاقتا چۈش كۆرۈش ئەنئەنىسى چېن شىخۇاڭنىمۇ، تاڭ تەيزۇڭنىمۇ، جياڭجېشىنىمۇ، ماۋ زېدۇڭنىمۇ شۇنداق چۈش كۆرۈشكە كۆندۈرۈپ قويغان ئىدى.

بۈگۈن خۇجىنتاۋ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش ماۋزۇلىرى بويىچە قىزىل راۋاقتا چۈش كۆرمەكتە. شىددەتلىك نامايىشتىن گاڭگىراپ كەتكەن چېن شۈي بيەن، قىزىل راۋاقنىڭ ئورنى ئۆزگەرگەنلىكىنى، گومىنداڭ خىتايلىرنىڭ 1949 – يىلى تەيۋەنگە خىتاي قۇرۇقلۇقىدىن قېچىپ كەلگەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان بولسا كېرەك. ئۆزى تەيىپىدە تۇرسىمۇ چېن شۈي بيەننىڭ قىزىل راۋاقتا چۈش كۆرگەنلىكى قىزىق بىر ئىش بولدى.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تېرىمچى مىللىتى – خىتايلارغا مۇڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا، مۇڭغۇل ئاتلىقلىرىغا يىللىقچى بولۇپ خىتايلار ئەپكەشلىرىنى كۆتۈرۈپ سەددىچىن سېپىلىدىن تاشقىرىغا

چىققان ئىدى. مانجۇ ياۋايىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا، ختاي تەتەيلىرى كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىنى كۆتۈرۈپ مانجۇلارغا دېدەك بولۇپ سەددىچىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەلگەن.

مۇڭغۇللار تارىختا ئەسكەر تارتىپ بارغان جايلار – دۆلەتلەر موسكۋا، باغدات، خارىزىم، ھىندىستان ۋە باشقا جايلار تەۋەنلىك ختايلارنىڭ دۆلەت تېررىتورىيىسى بولۇپ قاپتىمۇ؟ كۈلكە، مەسخىرە ئارىلاش كۈچىمىز يەتمىسىمۇ تەنە ئارىلاش كۈلكە.

1957 – يىلى ماۋ زېدۇڭ بېيجىڭدە خرۇششىف بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە: «جۇڭگونىڭ دۆلەت چېگراسى ئەزەلدىن سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتكەن ئەمەس» دېگەن ئىكەن. 1969 – يىلى 3 – ئايدا روس بىلەن ختاي مۇناسىۋەتلىرى يىرىكلەشكەندە تا. س س. س بايانات ئېلان قىلىپ: «جۇڭگونىڭ دۆلەت چېگراسى ئەزەلدىن سەددىچىن سېپىلىدىن تاشقىرىغا چىققان ئەمەس. سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدا ئۇيغۇرلار، مۇڭغۇللار، قازاقلار، تاتارلار ياشايدۇ، لېكىن بۇ مىللەتلەر ھەرگىز جۇڭگولۇق ئەمەس» دەپ كۆرسەتكەن. (ختايچە، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ شۇ ئايلىق سانىغا قارالسۇن)

قىزىل راۋاقتا  چۈش كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ختاي سىياسەتۋازلىرى ۋە ختاي تارىخچىلىرى «تاتلىق چۈش» كۆرۈۋېتىپ چۈشەكەپ كەتكەندە، قارا بۇقا سىيىرغا... ئۆكۈز تۇمشۇقنى يالاپتۇ، - دېگەندەك تارىختا مۇڭغۇل ئاتلىقلىرىنىڭ، مانجۇ ئاتلىقلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەن يەرلەرنى ئېنەكمەي جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ، دېيىشمەكتە.

چىن شى خۇاڭ چۈش كۆرۈپ، قارا بېسىپ تارىختا ھۇنلاردىن قورقۇپ كېتىپ سەددىچىن سېپىلىنى سېپ دۆلەت چېگراسىنى قۇرۇغدۇۋالغان ئىدى؛ تاڭ تەيزۇڭ چۈش كۆرۈپ غەربىي ھۇجرىغا بېكىنىۋېلىپ ئۆز دەۋرىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق جۇڭگو تارىخىنى كېڭەيمىچىلىك تارىخى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئۆز – ئۆزىنى خۇش قىلىپ تارىشى پۈتۈكلەرگە

قايتا تارىخ يېزىپ چىققان ئىدى. جياڭجېشى قىزىل راۋاقتا چۈش كۆرۈپ تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ماۋ زېدۇڭ قىزىل راۋاقتا ستالىن بىلەن قۇچاقلىشىپ چۈش كۆرۈپ، ئاز دېگەندەك خوتۇنى جياڭچىڭنى 1949 – يىلى 5 – موسكۋاغا ئەۋەتىپ، ستالىننىڭ رومكىسىغا هاراق قويۇپ بېرىشنى جېكىلەپ كۆڭلىنى ئۇتتۇۋېلىشنى تاپىلىغان. جياڭچىڭ شۇ سەپىردە ستالىننىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇۋېلىپلا قالماي ھەتتا «شىنجاڭ» دېگەن بۇ زېمىننىمۇ ئۇتتۇۋېلىپ ستالىنغا رەھمەت ئېيتىپ بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەن. نېمە دېگۈلۈك؟ قەيەردە بولسا، خىتايلار بولىدىكەن ھەممىسى ئوخشاش خىتاي ئىكەن.

**گروزىيە ساقچىلىرىنىڭ دادىل ھەرىكىتى**

2006 – يىلى 10 – ئاينىڭ 1 – كۈنى

گروزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ساقچىلىرى روسىيىنىڭ جاسۇسلىرىنى ياكى روسىيە ھەربىي تەرەپنىڭ جاسۇسلىرىنى قۇرۇلغان، تەشكىللەنگەن كۈندىن باشلاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھېسابسىز قان ئىچكەن، بەزى دۆلەتلەردە سىياسى ئۆزگىرىش تەييارلىغان، يەنە بەزى دۆلەتلەردە ئىچكى ئۇرۇش تەييارلاپ قانۇنلۇق ھۆكۈمەتلەرنى ئاغدۇرغان ئەمدى كېلىپ بۈگۈنكى كۈندە گروزىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماقچى بولغان ك. گ ب نىڭ جاسۇسلىرىنى قولغا ئالدى.
روسىيىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن گروزىيە ساقچىلىرىنىڭ قىلمىشىنى بىخەتەرلىك كومىتېتقا تاپشۇرۇپ بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. كۆلكە بىر ياشانغان بوۋاي ياكى بىر زوراۋان ئون ياشلىق بالىنىڭ ئۈستىدىن قازىغا ئەرز قىلماقچى بولدى.
ۋىلادىمىر پۇتىن ئۇچۇن ئېيتقاندا ئىشنىڭ باشلىنىشى بۇ تەرىقىدە بولماسلىقى كېرەك ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ۋىلادىمىر پۇتىن بىخەتەرلىك كومىتېتقا گروزىيە ساقچىلىرىنىڭ مەسلىسىنى ئەمەس ئۇيغۇرستان

مەسلىسىنى ئېلىپ كىرىشى كېرەك ئىدىغۇ، دەيمەن. خۇددى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىرما مەسلىسىنى، بېرمادا كىشىلىك ھوقۇق مەسلىسىنى بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇزاكىرىسىگە ئېلىپ كىرگەندەك... ۋىلادىمىر پۇتىن ئۇيغۇرلار مەسلىسىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسلىسىنى بىخەتەرلىك كومىتېتقا ئېلىپ كىرىشى كېرەك ئىدى.
چارروسىيە ئۇيغۇرلارغا سىياسى زىيانكەشلىك قىلغان، دىپلوماتىيە، ھەربىي جەھەتتە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقان زوزۇڭتاڭنى ئۇيغۇرىستانغا باشلاپ كەلگەن تارىخنى ئېغىزغا ئالماي تۇرايلى. ك گ ب 1933 – يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قانداق ئارىلاشتى. (بۇ توغرىدا يېزىلغان ماقالىلەر ھەممە كىشىنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، بولۇپمۇ جاسۇس قادىر ھاجىنى قانداق ئىشقا سالغانلىقى ھەممە كىشىنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك) 1944 – يىلى ئىلى ئۆلكىسىدە ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى قۇرۇلغاندا ستالىن ئاۋۋال بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللاپ كېيىن ك گ ب قانداق ئارىلاشتى، غۇلجا شەھرىدە 25 دوم ئىشخانىسى قۇرۇپ ئۇيغۇر مىللى ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنى كونترول قىلدى. 1945 – يىلى «يالتا يىغى»نى چاقىرىلغاندىن كېيىن، 10 – ئايدا ئۇيغۇرنىڭ مىللى ئارمىيىسىنى ماناس دەرياسى بويىدا توختاتتى. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ رەھبەرلىرىنى نازارەت، تەقىپ ئاستىغا ئالدى. ئۇيغۇرنىڭ مىللى دېموكراتىك ئىنقىلابىنى مۇنقەرز قىلىپ تاجاۋۇزچى خىتاي مۇستەملىكچىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە زورلىدى. ستالىن ئۆزىنىڭ ئاسىيا ۋە خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى مەنپەئەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇيغۇر دۆلىتىنى ك گ ب ئارقىلىق ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.
تارىختا قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ساقچى قىسىملىرىغا بۈگۈنكى گروزىيە دۆلىتىنىڭ ساقچى قىسىملىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار! نېمىشقا ئۇيغۇر ساقچىلىرى شۇ چاغدا 25 دوم ئىشخانىسى قۇرغان ك گ ب نىڭ جاسۇسلىرىنى قولغا ئالالمىدى؟ نېمىشقا غۇلجا شەھرىدە پائالىيەت

قىلىۋاتقان روسىيەنىڭ كونسۇللىرىنى قولغا ئالالمىدى، نېمىشقا مىللىي ئارمىيەنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالغان ئاق ئورۇس لېسكىننى قولغا ئالالمىدى؟ شۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەتنى قوغداۋاتقان ئۇيغۇر ساقچىلىرى نېمىشقا شۇ چاغدا قازاق تىللىق، قىرغىز تىللىق، ئۆزبېك تىللىق، تاتار تىللىق ك گ ب نىڭ جاسۇسلىرىنى قولغا ئالالمىدى. شۇنداق قولغا ئالالمىدى، قولغا ئالالمىدى. چۈنكى، شۇ چاغدا ئىنسان تەبىئىتىگە ماسلاشقان ئەركەكنىڭ جۈرئىتى بۇ باشقا بىر ئىش، سىياسىي سەزگۈرلۈك ئەلۋەتتە بۇ باشقا بىر ئىش بولۇپ قالدى.
ئىنقىلابقا كىم رەھبەرلىك قىلىدۇ، تاللىۋېلىش بۇ بىر ئىش، رەھبەر سىياسىي جەھەتتە سەزگۈر بولمىسا  ئۇنىڭ جۈرئەتلىك بولۇشىمۇ ھېچنەرسىگە دال بولالمايدۇ. خەلق سەزگۈر بولمىسا دائىلىرىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇ ۋاقىتتا دەل شۇنداق بولمىدىمۇ؟ بىز بۇ تارىخنى «ئەگەر» بىلەن ئەسلەيمىز، شۇڭا بۇ تارىخنى «ئەگەر» بىلەن يازىمىز.
گروزبىيەنىڭ پرېزىدېنتى ساكاشۋىلى: رەڭلىك ئىنقىلابتىن روسىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ۋە ناتوغا ئەزا بولۇپ كىرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. سىياسىي سەزگۈرلۈك بىلەن جۈرئەت ۋە سىياسىي تەجرىبىلەر بىر كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا بىرلەشكەندە، پرېزىدېنت ساكاشۋىلىدەك رەھبەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ رەھبەرلىرىدەك مەيەگە كەل دېسە شۇ يەرگە بېرىپ قىلتاققا چۈشمەيدۇ. ھازىرغىچە ئوتتا ئاسىيانىڭ ماڭقورتلىرى روسىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشنى ئويلاپ باقمىدى. «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى»دىن چىكىنىپ چىقىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىدى. ئەمما گروزبىيەنىڭ رەھبىرى ساكاشۋىلى روسىيەنىڭ جاسۇسلىرىنى قولغا ئالدى.

**«كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرۇشمۇ ياكى خىتاي مىللىتىگە ئۆچمەنلىكمۇ؟»**

2006 – يىلى 10 – ئاينىڭ 6 – كۈنى

ئەسلى ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ چىڭ يۈەن دەپ ئىسىم قويۇۋالغان بىر نەپەر خىتاي ئاپتور 10 – ئاينىڭ 3 – كۈنى «ئۇلۇغ ئىرا» تور بېتىدە كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرۇشمۇ ياكى خىتاي مىللىتىگە ئۆچمەنلىكمۇ ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى.

«نۆۋەتتە جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان، زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدە كوممۇنىستلار تەرىپىدىن باستۇرۇلغان پالۇنگۇڭ مەسىلىسى ۋە تيەنئەنمىن قىرغىنچىلىقىنى چىقىرىۋەتكەندە» دەپ، باشلايدۇ، ماقالىسىنى ئاپتور: «يەنە شىنجاڭ، تىبەت مەسىلىسى بار، مەن كۆپ يىللاردىن بېرى جۇڭگو قۇرۇقلۇقىنى ئايلىنىپ چىقتىم. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا پەيدا بولغان ئۆچمەنلىكنى ۋە ئۆچمەنلىكتىن پەيدا بولغان غەزەپ – نەپرىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك خەنزۇلارغا قاراتقانلىقىنى بايقىدىم. 1949 – يىلدىن كېيىن خەنزۇلار باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زۇلۇم سالدىما؟ (كۆرۈڭ بۇ رىتورىك سوراقنى) خەنزۇ مەدەنىيتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيتىگە تاجاۋۇز قىلدىما؟ (قاراڭ بۇ مۇتىھەملىكنى) سوئال قويغان ئاپتور چىڭ يۈەن ئۆزى قويغان سوئاللارغا ئۆزى ئەلۋەتتە ياق، دەپ جاۋاب بەرگەن.

- مەن دەيدۇ، ئاپتور : «چۈشەندۈرۈپ قوياي‌كى ھەرگىز جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسىنى ھىمايە قىلغۇچى ئەمەسمەن. يۇقرالار دۆلەتنىڭ بايلىقى، يۇقرالار خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرسىلا بولدى. قانداق سىياسى تۈزۈم بەرپا قىلىش بۇ ئىككىنچى تۇرلۇك ئىش».

- سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ چىڭ يۈەن ئەپەندى: «مىللى مەسىلە بۈگۈنكى جۇڭگودا يانار تاغقا ئوخشاپ قالدى. ھەدىگەندە پارتلاش ۋەزىيىتىدە تۇرۇپتۇ. شىنجاڭ، تىبەت، نىڭشا قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر

توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت، توقۇنۇشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ياكى خەنزۇلار بولسۇن زادى كۆڭۈل ئازادىچىلىكى يوق» دەپ يازدى.
ئاپتور يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قانداق ئېتىبار بەرگەنلىكى توغرىسىدىمۇ بىلجىرلاپ چىقتى.
بۇ خىتاي ئاپتورغا سوئال قويايلى: جۇڭگودا قۇرۇلغان كوممۇنىستىك پارتىيە كىمنىڭ پارتىيىسى ئىدى، كوممۇنىستلار پارتىيىسىنى قايسى مىللەت تەشكىللىگەن ئىدى، ئۇنداقتا كوممۇنىستىك پارتىيە قايسى مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە خىتاي مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىز بۇ يەردە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى بىر دەپ قارىغىنىمىزدا ئۇنداقتا ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى ھازىر كىم ئەزگەن بولىدۇ؟
بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە قارشى تۇرۇشى ناھەقچىلىك بولىدۇ، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى ئەزمىدى دەپ، بىلجىرلاش ئابستراكىت بولىدۇ. ئارمىيە تەشكىللىگەندە ئەسكىرى ئادەملەر قەيەردىن كېلىدۇ، ئارمىيىنىڭ قوماندانلىقى قايسى مىللەتنىڭ قولىدا بولىدۇ، قورااللىق ساقچى قىسىملىرىنى تەشكىلىگەندە، ساقچىلار قەيەردىن كېلىدۇ، بۇ كىشلەر خىتاي پۇقرالىرنىڭ ئىچىدىن كېلەمدۇ ياكى ئاسماندىكى بۇتساتۋانىڭ يېنىدىن چۈشەمدۇ؟ مەسىلە شۇ تەرىقىدە تەھلىل قىلىنسا ئابستراكىت مەنالارنى كونكرېت مەزمۇنلارغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئارمىيە، ساقچى، ئەدلىيە دېگەنلەر دۆلەتنىڭ ئېزىش قورالىدۇ. بۇلار ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى ئەزمىگەنمىدۇ؟
خىتاي ئاپتور پۇقرالارنىڭ پۇقراغا قارشى تۇرۇشىدىن، مىللەتنىڭ مىللەتكە قارشى تۇرۇشىدىن نارازى بولىدۇ ۋە ئارقىدىنلا: «مىللى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزۈل – كېسىل گۇمران بولۇشى بىر مىللەتنىڭ يوقۇلۇشىدىن دېرەك

بېرىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ كىرىشى ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن بولماي يەنە باشقا مەقسىدىمۇ بارمىدى؟

پۇقرا بىلەن پۇقرانىڭ ئىناق ئۆتۈشىنى تەكىتلەيدىغان بۇ ئاپتور: «بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ يەنە بىر تەرەپتىن تەپ تارتماي جىنايەت سادىر قىلىپ ھەمدە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشۋاتقان بۇ كىشىلەرنى ئەجىبا دۆلەت باستۇرمىسا بولامدۇ؟ دەيدۇ. ئەسلىدە پۇقرالار مەيداندا تۇرغان بۇ توڭگۇز خىتاي بۇ يەردە توساتتىنلا ھەربىي ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىغۇ؟ ئەسلىدە مىللەتنىڭ مىللەتكە قارشى تۇرۇشىنى ياختۇرمايدىغان بۇ خىتاي ئىككىنچى يۈزىنى ئاشكارىلاپ خىتاي مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى باستۇرۇشىنى قوللايدۇ. بۇ خىتاي بۇ يەردە مۇستەملىكچى بولۇپ قالدۇ، بۇ خىتاي بۇ يەردە ساقچى بولۇپ قالدۇ، يالىڭاچ مىللەتچى بولۇپ قالدۇ، نومۇسسىز ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ قالدۇ. سۇن ۋۇكۇڭ 72 خىل ئۆزگىرىپمۇ يەنىلا مايمۇن بولۇپ قېلىۋەرگەندەك بۇ شەكىللىك خىتاي يازغۇچىلار ئۇنداق دەپمۇ يېزىپ بېقىپ، بۇنداق دەپمۇ يېزىپ بېقىپ خىتاي يەنىلا خىتاي بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللى زۇلۇمنىڭ مىللى ھۆكۈمرانلىقنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا بۈگۈن خىتايغا قارشى، قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ۋاستىلىرىنى تاللىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان مىللەتلەردۇر.

**«پارتىيە مەدەنىيىتى» دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا**

2006 – يىلى 10 – ئاينىڭ 13 – كۈنى

يېقىندىن بېرى خىتاي تىلى تور بەتلىرىدە ۋە باشقا خىتايلارنىڭ يازغان ماقالىلىرىدا «پارتىيە مەدەنىيىتى» دەيدىغان بىر ئۇقۇم ئوتتۇرىغا چىقىپ داۋاملىق تەكرارلىنىشقا باشلىدى. «پارتىيە مەدەنىيىتى» دېگەن ئۇقۇمنى

كۆتۈرۈپ چىققان خىتايۇ يازغۇچىلار، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى خىتاي پۇقرالىرىدىن ئايرىپ قارىسا كېرەك ياكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى خىتاي خەلقىدىن ئايرىلىپ قالغان پارتىيە ياكى خىتاي خەلقى بۇ پارتىيىنى ئىنكار قىلىۋەتتى. خەلق بىلەن پارتىيىنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق دېمەكچى بولسا كېرەك .
ئەمەلىيەتتە جۇڭگو مەدەنىيىتى شارائىتىدا خىتاي خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى باشقا مەدەنىيەت، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەدەنىيىتى باشقا يەردىن كەلگەن مەدەنىيەت ئەمەس ئىدى.
مەدەنىيەت بۇ ئۇقۇم بىر مىللەتنىڭ ماددى – مەنىۋى مەدەنىيىتى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە مەرىپەت ئوقۇملىقىغا مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى يارىتىپ بېرىدىغان مەۋجۇت مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئومۇملىقىغا قارىتىلغان ئۇقۇم ئىدى. خىتاينىڭ تىلىچە بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى بار جۇڭگودا پارتىيە، شۇنداق مەدەنىيەتلىك بىر مىللەتنىڭ جەمئىيىتىدە قۇرۇلغان پارتىيە ئىكەن. بۇ پارتىيىنىڭ «مەدەنىيىتى» شۇ خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئايرىلىپ كېتەلەمدۇ؟
مەسىلەن، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزىمنى پارتىيە قۇرۇشنىڭ يېتەكچى نەزەرىيىسى قىلغان، قىبلىنامە قىلغان پارتىيە ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگوچە سوتسىيالىزىم، جۇڭگوچە ئىسلاھات، جۇڭگوچە كوممۇنىزىم ئۇقۇملىرىنى كەشىپ قىلىپ، ماركسىزىمنى جۇڭگودا بۇددىزىملىق مەدەنىيەتنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقەتەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزىم، جۇڭگوچە ماركسىزىمنى يېتىشتۈردى.
ئەنئەنىۋى ماركسىزىمچىلار ئوتوپىيەنىڭ پەنگە تەرەققىي قىلىشى، ئىلمى كوممۇنىزىم نەزەرىيىلىرىنى ۋە تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەمما باسقۇچلۇق بولىدىغانلىقىنى كەشىپ قىلغاندا، ھەرگىز قوشۇمچە چاۋشيەنچە سوتسىيالىزىم، جۇڭگوچە سوتسىيالىزىم، روسىيىچە سوتسىيالىزىم نەزەرىيىلىرىنى كەشىپ قىلمىغان ئىدى.

خىتاي كوممۇنىستلىرى ماركسىزمنى بۇرمىلىغاندا قانداقتۇر خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەدەنىيىتىنى ياراتقىنى يوق. بەلكى خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ چەتكە قېقىش ئەنئەنىسىدىن پايدىلىنىپ ئەنئەنىۋى ماركسىزىمنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. 1840 – يىللاردىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە غەربنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىلىرى جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خىتاي مەدەنىيىتى بۇ سىگنالنى ئۈزلۈكسىز رەت قىلىپ كەلدى.

بۈگۈن دېموكراتىيىنى چەتكە قېقىش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى «مەدەنىيىتى»نىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ئەمەس بەلكى شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئال تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان، شەخسنىڭ ھەر تەرەپلىك تەرەققى قىلىشىنى چەكلەيدىغان خىتاي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ئارقىلىق رول ئوينىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خىتاي مىللىتى مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، خىتاي مىللىتى نوپۇزغا چوقۇنىدۇ. ھەقىقەتكە چوقۇنمايدۇ، ئەگەر جۇڭگودا قاراقچى بىلەن ئوغرى كۆچكە تايىنىپ نوپۇز تىكلەيدىغان بولسا، خىتاي مىللىتى قاراقچى ياكى ئوغرى ئىكەنلىكى سۈرۈشتە قىلماي ئۇنىڭ نوپۇزىغا چوقۇنىۋېرىدۇ. خىتاي مىللى ھەرگىز ھەقىقەت قوغلاشمايدۇ، ھەقىقەتكە ئىزدەنمەيدۇ، ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئادەم سۆيۈندىكى مىللەتنىڭ خاتالىقى ئەمەس بەلكى، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان جۇڭگوچە فېئودالىلىق مەدەنىيەتنىڭ قاششاقلىقى، قالاقلىقىدۇر. شۇڭا ئايرىم ئۇقۇم سۈپىتىدە «پارتىيە مەدەنىيىتى» مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. «پارتىيە مەدەنىيىتى» دېگەنمۇ، «خىتاي مەدەنىيىتى» دېگەنمۇ ئوخشاشلا بىر نەرسىدۇركى ياكى بىر نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن باشقا نەرسە ئەمەس خالاس .

**ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشمۇ ياكى جۇڭگو جەمئىيتىنى قۇشخانىغا ئايلاندۇرۇشمۇ؟**

2006 – يىلى 10 – ئاينىڭ 16 – كۈنى

ختايدا 6 – ئومۇمى يىغىن ئېچىلىش ۋە يېپىلىشىنىڭ ئالدى – كەينىدە ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدە دادامىسلاغا كېتىۋاتقان ئىككى نەپەر تىبەتلىك ختاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ تېخى ئاشكارە بولغىنى ئاشكارە بولمىغىنى يەنە قانچىلىك؟ مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا 18 ياشقا توشمىغان باللارنىڭ مەسچىتكە نامازغا كىرىشى چەكلەندى، دىنى ئېتىقادى ئۈچۈن قانچىلىغان ئۇيغۇرلار ختاينىڭ تۈرمىسىگە تاشلاندى. ختاي ساقچىلىرى قانچىلىغان پۇقرالارنى قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى، ئادىملىك ھوقۇقنى ۋە ئەخلاق سۈپەتلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن كوچىلاردا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى. قانچىلىغان گۇناھسىز كىشلەر ئۇيغۇرىستاندا قاھار ئابدۇرېھىم، بېيجىڭدە گاۋ جىشىڭ قاتارلىقلار قولغا ئېلىندى.

خۇ جىنتاۋ قۇرماقچى بولغان ئىناق جەمئىيەت زادى قانداق جەمئىيەت ئىدى؟ ئىناقلىق زادى كىم ئۈچۈن كېرەك، ختاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئىناق جەمئىيەت كېرەك، پارىخور ختايلارنىڭ خىيانەتچى ختايلارنىڭ مەنپەئەتنى قوغداش ئۈچۈن ئىناق جەمئىيەت كېرەك. قىسقىسى خۇ جىنتاۋ مۇستەملىكچى پارتىيىنىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشى كېرەك. ئۇنداقتا بۇ جەمئىيەتنى ختاي مۇستەملىكچىلىرى قانداق ئۇسۇل بىلەن قۇرۇپ چىقىشى لازىم.

باستۇرۇش ۋاستىسى ختايدا ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى قىلىپ تاللىۋېلىندى. بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن ختاي مۇستەملىكچىلىرى 6 – ئومۇمى يىغىندا يالغانچىلىق قىلىپ ئىناق جەمئىيەت قۇرماقچى بولغان بولسا، جەمئىيەتتە باستۇرۇشنى يولغا قويۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىناق جەمئىيەت قۇرماقچى بولدى. ئېنىق ئېيتقاندا

جۇڭگو جەمئىيتىنى، مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاننى قۇشخانىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى.
12 – كۈنى «ۋاشىنگتۇن پوست گېزىتى» ماقالە ئېلان قىلىپ: «جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ غەزەپ – نەپرىتى قايناپ تاشتى. خىتاي كوممۇنىستلىرى دېھقانلارنى باستۇرغاندىلا ئىناق جەمئىيەت قۇرالايدۇ. پۇلغا، قانۇنغا قارىمايدۇ، پۇقرالار تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلمەكتە، مۇددەتلىك، مۇددەتسىز كېسىلمەكتە، بۇنىڭ بىلەن كارى يوق، كوممۇنىستلار مەخسەتكە يەتسىلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، دەپ كۆرسەتتى .
«دېڭىز بوغىزى ۋاقىت گېزىتى» 14 – كۈنى ماقالە ئېلان قىلىپ: «جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئاجايىپ – غارايىپ تەرەققىي قىلىشى، تېزلىك بىلەن سانائەتلەشتۈرۈش، جۇڭگو جەمئىيتىنى ئارقا – ئارقىدىن مەسىلە چىقىدىغان جەمئىيەتكە ئايلاندۇردى... جۇڭگو پۇقرالىرى كۆن كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا كەلدى... كوممۇنىستلارنىڭ ئاتالمىش ئىناقلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. كوممۇنىستلار ھاكىمىيتى سەكراتقا چۈشكەن ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ قالدى دەپ كۆرسەتتى.
قىزىقى شۇ يەردىكى ماۋ زېدۇڭ ھەر كۈنى سىنىپى كۈرەشنى تەكىتلەپ ئادەملىرى بىر – بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، ئادەملىرى بىر – بىرى بىلەن كۈرەش قىلىدىغان جەمئىيەت قۇرۇپ چىققان، ئەمدىلىكتە خۇ جىنتاۋ ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنى تەكىتلەپ پۇقرالارنى باستۇرۇش بىلەن ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقماقچى بولدى.
خىتاي جەمئىيتىنىڭ ئىناق جەمئىيەت بولۇپ قۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەرقانداق جەمئىيەت سىياسى مۇناسىۋەتلىرىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى، ئىلىم- بېرىم مۇناسىۋەتلىرىنى جەمئىيەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەركىزىگە قويغاندا ئادەملەرنىڭ سىياسى تەلەپلىرىنى، كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى ئېتىراپ قىلغان جەمئىيەت بولۇشى كېرەك.
ئادەملەرنىڭ سىياسى پىكىر قىلىش ھوقۇقلىرى چەكلەنگەن

جەمئىيەتتە، ئادەملەرنىڭ سايلاش – سايلىنىش ھوقۇقلىرى چەكلەنگەن جەمئىيەتتە ئىناق جەمئىيەت قۇرغىلى بولمايدۇ .

**«غەربىي يۇرت»نى «شىنجاڭ» دەپ ئۆزگەرتىشنىڭ تارىخى مەنبىئىگە ئىزدىنىش» ماۋزۇلۇق ماقالىغا باھا**

2006 – يىلى 10 – ئاينىڭ 17 – كۈنى

10 – ئاينىڭ 16 – كۈنى «تەڭرىتاغ» تور بېتىدە ئاپتور گوباۋنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

ئاپتور گوباۋ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنئەنىۋى غەربىي يۇرت دېگەن ئۇقۇم ئىككى قىسمنى جۈملىدىن ۋەتىنىمىز تارىخىدا سۇلالىلەرنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا، رايون خاراكتېرلىك ھاكىمىيەتلەر قۇرۇلغان رايونلارنى، ئىككىنچىدىن بۇ ئۇقۇم چەت ئەل دۆلەتلىرىنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا ئاۋۋالقىنى غەربىي يۇرت توغرىسىدا تار مەنىلىك ئۇقۇم، كېيىنكىسىنى غەربىي يۇرت توغرىسىدا كەڭ مەنىلىك ئۇقۇم دەپ ئاتايمىز».

مەسىلەن، «خەننامە»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە كۆرسىتىلىشىچە دەيدۇ ئاپتور گو باۋ: «چارقىلىق، قاراشەھەر، ئۈيسۇن قاتارلىقلار غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان دۇدۇخو مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا تىكلەنگەن، قۇرۇلغان ھەرىكەتچان دۆلەتلەر ئىدى» يەنى بۇ يەردە ئاپتور بىر كۈندە قۇرۇلۇپ، بىر كۈندە يوقۇلۇپ تۇرىدىغان دۆلەتلەر ئىدى، دېمەكچى. «بۇ دۆلەتلەر شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت بولۇپ ئاتالغانكى، چۈنكى بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي خەن ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قۇرۇلغان دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەتلەر ئىدى» دەيدۇ.

ئۇقۇمدىن ئۇقۇم ياراتقۇچى ۋە ئۇقۇمدىن ئەقلى خۇلاسە چىقارغۇچى گوباۋ ئەپەندىگە سوئال قويايلى، بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى ئاتالمىش غەربىي خەن سۇلالىسى (خىتاينىڭ تارىخىدا غەربىي خەن سۇلالىسى دېگەن سۇلالە بولغانمىدى ياكى خىتاي تارىخچىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە خىتاي بەلگىلىرنى سۇلالە، خاندانلىق دەپ، ياساپ

چىققانمۇ) شۇ ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتا «دۆلەت ئىچىدە دۆلەت قۇرۇش»قا رۇخسەت قىلىنغانىكەنۇ، بۈگۈن 21 – ئەسىردە خىتاي مۇستەملىكچىلىرى مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ «دۆلەت ئىچىدە دۆلەت قۇرۇش»نىغا يول قويمايدۇ.

«زوزۇڭتاڭ ئۆلكىنىڭ ئىسمىنى شىنجاڭ دەپ، ئاتاشنى پائال تەكتىلىگەن» دەيدۇ. خىتاي ئاپتور گو باۋ ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «1882 – يىلى مانجۇ – مەنچىڭ سۇلالىسى يارلىق چۈشۈرگەندە، باشقا مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان يەرلەردە قەدىمى تۇپراقنى يېڭىدىن قايتۇرۇپ ئالدۇق، دەيدىغان ئىبارە تەكتىلەنگەن، دېمەك بۇنداق تەكتىلەش چوڭقۇر مەناغا ئىگە».

ئاپتور گو باۋ داۋاملاشتۇرۇپ : «چارروسىيە ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ۋەتىنىمىزنىڭ ئۆلكىسى شىنجاڭغا غالجىرانە مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى يۈرگۈزگەن. سۇنئى تارىخ ياساپ چىقىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى پارچىلايدىغان ھارامزادىلىكنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن، 1865 – يىلى قۇقانلىق باندىت ياقۇپبەگ چارروسىيىنىڭ ۋە ئەنگلىيىنىڭ ياردىمى ئاستىدا شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ شىمالى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋالغان» ۋەھاكازا دەيدۇ.

سوئال قويايلى تارىخچى خىتاي بايقۇشقا، چارروسىيە ۋە بۈيۈك بېرىتانىيە شۇ چاغدا ياقۇپبەگكە ياردەم بەرگەنمۇ ياكى چارروسىيە، بۈيۈك بېرىتانىيە ياقۇپبەگكە قارشى تۇرۇپ، دىپلوماتىيىلىك بېسىم ئىشلىتىپ، مانجۇ – مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ غالچىسى زوزۇڭتاڭنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە ياردەم بەرگەنمۇ؟

«جۇڭگو ئەزەلدىن تارتىپ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت» دەيدۇ. خىتاي تارىخچى گوباۋ .

خوش گوباۋ ئەپەندى «جۇڭگو» دېگەن ئىسىم قاچان يېزىق ساھەسىدە پەيدا بولغان ئىدى، قاچان تارىخ ساھەسىدە پەيدا بولغان ئىدى.

«جۇڭگو» دېگەن ئىسىم قاچان جۇغراپىيە ئىلمىگە كىرىپ كەلگەن ئىدى، «جۇڭگو» دېگەن ئىسىم قاچان سىياسەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن ئىدى؟

تەيۋەنلىك رەئىس چېن شۈي بىيەن «جۇڭگو» دېگەن ئىسىم «مانجۇ – مەنچىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىق ساھەسىدە پەيدا بولغان» دەپ كۆرسەتتى .

خىتاينىڭ كېيىنكى دەۋىر سىياسەتۋازى خې شىن ئەپەندى: «جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىلىقلا ياق دېيىشى كېرەك» ماۋزۇلۇق كىتابىدا «جۇڭگو» دېگەن ئىسىم توغرىسىدا ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن.

«شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى» دېگەن جۈملىگە كەلسەك، «شىنجاڭ» 1884 – يىلى قويۇلغان ئىسىم. شۇڭا بۇ يەردە «ئەزەلدىن» تارتىپ دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنى بولمايدۇ. «ئەزەلدىن تارتىپ» دېگەن بۇ ۋاقىت ئىبارىسىنىڭ زادى چېكى بارمۇ، يوق ياكى چەكسىزمۇ؟ پەلسەپەدە زامان چەكسىز بولىدۇ، ماكان چەكسىز بولىدۇ. تارىخى ۋەقەلەرگە باغلىق زامان ھەم ماكان ھەم چەكلىك بولىدۇ.

زامان ۋە ماكان ئاللاھ ئالەمنى ياراتقان كۈندىن باشلىنىدۇ. ئىسلام دىنى – قۇرئاندا ئاللاھنىڭ ئالەمنى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقى توغرىسىدا ۋەھىلەر كەلتۈرۈلگەن. مەسىلەن، تەپسىر ئىبنى كەسىردە «ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئەرش ئۈستىدە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قارار ئالدى» دەپ تەپسىر قىلىنغان. زامان ۋە ماكان ئاللاھ ئالەمنى ياراتقان كۈندىن باشلىنىدىغان بولسا، «ئەزەلدىن تارتىپ» دېگەن ئىبارىنى شۇ مۇقەددەس كۈنگە توغرىلاشقا بولىدىغان بولسا ياكى قۇرئان كېرىمدە ياكى ئىنجىلدا «شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ» جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىدى دېگەن بىر ئىبارە ياكى بىر ۋەھى پۈتۈلمىگەنمۇ؟

دىنسىز ئادەم ۋە دىنسىز مىللەتنىڭ ۋاقىت چۈشەنچىسى بولمايدۇ. شۇڭا قارىسىغا بىلجىرلايدۇ. سەپسەتە بىلجىرلاشتىن باشلىنىپ كۆچەپ كەتكەندىمۇ يەنىلا بىلجىرلاش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. تارىختىكى ختاي خانى چىن شىخۇاڭ يەتتە ختاي بەگلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ چىن بەگلىكىنى قۇرۇپ چىققان، سەددىچىن سېپىلىنى سالدۇرۇپ ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرگەن. چىن ھاكىمىيتى پارچىلىنىپ يەنە بىر نەچچە بەگلىككە ئايرىلىپ كەتكەن. قەلەم ئارقىلىق يېزىلىپ كېلىۋاتقان ئاتالمىش غەربىي خەن دەۋرىدە يەنە شەرقىي خەن دەيدىغان بىر بەگلىكمۇ قۇرۇلغان. قائىدە  بويىچە غەربىي خەن بەگلىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن چوقۇم شەرقىي خەن بەگلىكى قۇرۇلىدۇ. غەربىي خەن بولمىسا شەرقىي خەن بولمايدۇ، شەرقىي خەن بولمىسا غەربىي خەن بولمايدۇ. غەربىي خەن نېمشقا ئاتالمىش شىنجاڭدا «دوروخو مەھكىمىسى» قۇردى. نېمشقا شەرقىي خەن ئاتالمىش شىنجاڭدا «دوروخو مەھكىمىسى» قۇرمىدى؟ بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن قويۇلغان «غەربىي خەن بەگلىكى»، «شەرقىي خەن بەگلىكى» دېگەن ئىسىملار نېمشقا 1900 يىل كېيىن 1884 – يىلى قويۇلغان «شىنجاڭ» دېگەن ئىسىم بىلەن بىر يەرگە كېلىپ قالدى.

تارىختا مەنتىقە بولمىسا، سىياسەتتە مەنتىقە بولۇشى كېرەك، سىياسەتتە مەنتىقە بولمىسا تارىختا مەنتىقە بولۇشى كېرەك، ھەي! ختاي تارىخچىلىرى! ۋاقىت قارشى يوق ختاي تارىخچىلىرى تارىخ ئىلمى ساھەسىدە، سىياسەتچىلەر سىياسەت ساھەسىدە ئۇيغۇرنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا كىشىلەرنىڭ ئاۋارە قىلماقتىن باشقا نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

**مىللى سىياسەتنى ئاقلىماقچى بولدى**

2006 – يىلى 10 – ئاينىڭ 18 – كۈنى

16 – ئۆكتەبىر خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرېتارى ۋا لى چۈەن، مۇستەملىكىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھرىدە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئاتالمىش مىللى سىياسىتىنى ۋە خىتاينىڭ ئاتالمىش دىنى سىياسىتىنى ئاقلاشقا ئۇرۇندى.

«ۋەتىنىگە خىيانەت قىلدى» دەپ رابىيە قادىرنى ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇرلارنى قارىلىماقچى بولدى. ۋەتەن دېگەن نېمە؟ ۋەتەن دېگەن ئاتا تىل، ۋەتەن دېگەن دىنى ئېتىقاد، ۋەتەن دېگەن ئانا تىلدا سۆزلىشىدىغان قېرىنداش، يارۇ – بۇرادەرلەر، ۋەتەن دېگەن چەكسىز مۇنبەت تۇپراق ۋە شۇ تۇپراقتا ياشاپ ئۆزى – ئۆزىگە خوجا بولۇپ، يات مىللەت خىتايلارغا قۇل بولماي مانا بۇ، ۋەتەن دېگەنلىكتۇر.

بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ ئانا تىلى دەرىسخانىلەردىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ھەتتا ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئالاقە تىلى بولۇش سالاھىيىتىگە چەكلىمە قويۇلدى. ئۇيغۇرنىڭ ئېغىر – ئاياغ جۇگانلىرى ئۇستەل ئۇستىگە ئوپېراتسىيە قىلىشقا ياتقۇزۇلدى. ئانىمۇ – بالىسىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇيغۇرلارنى بۇ چاغلىق ئۆلتۈرۈش پىلانلىق تۇغۇت دېيىلدى. ئۇيغۇرنىڭ يەتتە ياشلىق بالىلىرى، ئۇيغۇرنىڭ 19 ياشلىق قىزلىرى ئىچكىرى خىتايغا ئېلىپ كېتىلدى، خىتاي لۈكچەكلىرىگە دېدەك قىلىپ بېرىلدى، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان ماڭقۇرتقا ئايلاندۇرۇلدى.

ئۇيغۇرنىڭ دىنى ئېتىقادى زوراۋانلىق بىلەن چەكلەندى. مەسچىتلەر تاقالدى، دىنى مۇراسىملار بىكار قىلىندى، خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۆچۈپ كىرىپ ئۆزى بەگ، ئۆزى خان كۆچمەنلەرگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلار 2 – دەرىجىلىك گىراژدانلىق سالاھىيىتىگىمۇ ئېرىشەلمىدى.

قېنى بۇ ۋەتەن ئۇيغۇرستان! ختاي كۆچمەنلرنڭ بۇلاڭ – تالاڭ قلش مەيدانىغا، ئۇيغۇرلارنى قۇل ئورندا ساتىدىغان قۇل بازىرىغا، ئوتتۇرا ئاسياغا كېڭەيمچلك قلىپ سەكرەيدىغان سەكرەش تاختىسىغا، ئۇيغۇرستان ختاي تاجاۋۇزچى ئارمىيسىنڭ ھەربي بازىسىغا، ختاي ئېغىر سانائەت، يىنك سانائەت تۇرلرنڭ خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندۇرۇلدى. بۇ ۋەتەن ئۇيغۇرستان ئۇيغۇرلارنڭ ۋەتنى ئىدى. ئۇيغۇرلار شۇ ۋەتەننڭ ئىگىسى بولدۇق، شۇ ۋەتەننى ختاينڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلش ئۇچۇن كورەش قلىۋاتىدۇ، ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلرى ۋەتننگە خيانەت قلغنى يوق.

ۋاڭ لې چۇەن مۇخبىرلارغا: «ختاي كۆچمەنلرى (ھاكمىيتىننڭ) شنجاڭدىكى نشانى يەرلك خەلقنڭ مللى مەدەنىيتىنى قوغداش ئەمەس. تۇرمۇش سەۋيىسىنى يۇقرى كۆتۇرۇش» دېدى. ۋاڭ لې چۇەن نېمە دېمەكچى؟ ئېغلدىكى كالىنڭ قوتاندىكى ئېشەكنڭ قوسغنى تويغازسام بولدى. ئېشەك بلەن كالىنڭ مەدەنىيەت بلەن نېمە ئالاقسى بار دېمەكچى بولدى.

ۋاڭ لې چۇەن مۇخبىرلارغا: «قورسغى توق بولمىسا ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتالمايدۇ» دېدى ۋە مۇخبىرلارنڭ ئالدىدىلا ئۇيغۇرلارنى ھاقارەت قىلدى.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن قورسغى توق، كۆزى توق مللەت ئىدى. گومىنداڭ ختايلىرى بۇلاڭ – تالاڭ قلشقا ئۇلگۇرەلمگەن چاغلاردا، ئۇيغۇرنڭ دىۋانلىرىمۇ ئات ئۇستىدە ئولتۇرۇپ تىلەمچلك قىلاتتى. بۇگۇن ئۇيغۇرلار سەندۇڭلۇق ختايلارغا قەرىزدار بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار جاننڭ غېمدە، ناننڭ غېمدە قالدى. سەندۇڭلۇق ختايلار ئۇيغۇرستاندا شركەت قۇردى. سەندۇڭدا ئۆزنىگيۇرتىدا ئۆستەڭ باشقۇرۇپ مىراپ بولغان ۋاڭ لې چۇەن ئائىلسى بۇگۇن ئۇيغۇرستاندا شركەت قۇردى. ۋاڭ لې چۇەننڭ ئوغلى ۋاڭ شن بو، «خۇالىڭ شركىتى»نڭ دېرېكتورى بولدى. ئىككى خىل تۇرمۇش، ئىككى خىل

هايات بىرى – ختاي مۇستەملىكچى، بىرى ئۇيغۇر مۇستەملىككە، هوقۇق ۋە هوقۇقسىزلىق هازىر ئۇيغۇرستاندا ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەقدىرىنى بەلگىلىمەكتە.

**شىڭشىسەي ۋە ۋاڭ لې چۈەن**

2006 – يىلى 10 – ئاينىڭ 21 – كۈنى

ئەگەر ستالىن ھەربىي جەھەتتىن، ماددى جەھەتتىن، سىياسى، دىپلوماتىيە جەھەتتىن ياردەم بەرمىگەن بولسا شىڭشىسەي ئۇيغۇرستاندا بىر كۈنمۇ يۈت تىرەپ تۇرالمىغان بولاتتى. «شىنجاڭ» ئۇيغۇرستانغا هۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولغان مانجۇ – ختايلارنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇرستانغا هۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولغان ختاي مىللىتارىستلىرىنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرى شۇ بولدىكى، «شىنجاڭ» ئۇيغۇرستانغا قوشنا بولغان باشقا دۆلەتلەرنىڭ بولۇپمۇ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە، سىياسى، دىپلوماتىيە جەھەتتە قوللىشىغا ئېرىشمىگەندە ئۇيغۇرستاندا يۈت تىرەپ تۇرۇشنىڭ ئۇچايىغا توختىمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى .

ئۇيغۇرستانغا مىللى هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاڭ لې چۈەن ۋە ختاي مۇستەملىكچىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل بولغانۇ، لېكىن تېخىچە مۇستەقىللىقىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن مىللەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ۋىلادىمىر پۇتىن بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ هاي – هاي دېيىشىپ بەردى.

ئەيدىز كېسىلى ئۇيغۇرستاندا ھەر كۈنى 17 نەپەر كىشىنىڭ بىمارغا ئايلىنىش سۈرئىتىدە كۆپىيىشكە باشلىدى. خروئىن چەككۈچىلەر ئۇيغۇرستاننىڭ 80 ناھىيىسىدە يامراشقا باشلىدى. ئۇيغۇر تىلىنى بىر مىللەتنىڭ تىلى سۈپىتىدە يوقىتىش، خىزمەت تېپىش، ئىش تېپىشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالدى. باش كۆتۈرگەن ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا ئۇرۇش، ئاۋۋال قول سېلىش، ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنىڭ، يالغۇچ ۋاستىغا

ئايلاندى. نەسىل قالدۇرۇش – تەبىئەت بەرگەن ھوقۇقنى خىتاينىڭ مۇستەملىكچىلىك سىياسىتى ئېتىراپ قىلمىدى. بىر ئېغىزلا سۆز ئۇچۇن ئۇيغۇرنىڭ تۈرمىگە كىرىپ يېتىشى خۇددى ھايۋانلارنى ئېغىلدىن – ئېغىلغا يۆتكەپ قويغاندەكلا بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئۇيغۇر يېزىلىرىدا 4400 ئورۇندا ئىچكىرى خىتايدا ئىشلەپچىقىرىلغان ماللارنى تارقىتىش پونكىتلىرى قۇرۇلدى. خىتاينىڭ سېتىلماي بېسىلىپ قالغان تاۋار ماللىرىنى نېسىگە تارقىتىپ بېرىپ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي سېتىۋېلىش كۈچىنى يوقاتماقچى بولدى. ئىچكىرى خىتاينىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرىنى ئۇرۇمچىگە چاقىرىپ كېلىپ، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ياراتقان ئاتالمىش «جەننەت»نى تەشۋىق قىلىشقا تەشكىللەپ، ئىچكىرى خىتايدا ئاچ قالغان خىتايلارنىڭ تەشۋىقاتىنىڭ مەزمۇنىغا جەلىپ قىلىپ، خىتاي كۆچمەنلىرى بۇ ئۆلكە ئۇيغۇرستانغا خۇددى «تاغاردىن تۆكۈلگەن تېزەكتەك » تۆكۈلۈشكە باشلىدى. (بۇ ئوخشىتىشنى تەكرارلىغىنىم ئۇچۇن مېنى كەچۈرۈڭلار)
شىڭشىسەي ئۇيغۇرنىڭ بايلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يانچۇقىغا ئەپكەتسىگە، چامدانىغا ئالتۇن – كۈمۈش قاچىلىغان بولسا، ۋاڭ لې چۈەن يانچۇقىغا، بانكا ھېسابات نومۇرىغا ئالتۇن – دوللارنى قاچىلىغاندىن باشقا، پويىزنىڭ ۋاگون – ۋاگونلىرىغا ئۇيغۇرستاننىڭ بايلىقىنى قاچىلاپ ئىچكىرى خىتايغا توشىغاندىن باشقا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇرنىڭ تىل – يېزىقىنى قىسقىسى ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىش ئۇچۇن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەركىبىنى كۆچمەن خىتايلارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئۆزگەرتمەكچى بولدى. بۇ ئىشلار دۇنيا جامائىتىنىڭ ئالدىدا يۈز بېرىۋاتىدىغۇ.
ۋاڭ لې چۈەن ئۇيغۇرستاندا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرستاندا يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا چەت ئەللىك مۇخبىرلارغا ۋەدە بەرگەن بولدى.
ۋاڭ لې چۈەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرستان «شىنجاڭ»نىڭ تارىخىنى ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقماقچى بولدى. ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا

تەرەققىيات يىغىنى ئۇرۇمچىدە چاقىرىلدى. دۇنيا بانكىسى، ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسى قاتارلىق مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ باشلىقلىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئوتتۇرا ئاسىياغا تارتىلىدىغان تۆمۈر يول ۋە دۆلەت – دۆلەتلەرگە تۇتىشىدىغان تاشيوللارنى ياساپ چىقماقچى بولۇشتى. جۇڭگو خەلقئارا بازارغا ئايلانغاندەك چەت ئەل شىركەتلىرى ۋە بۆلگۈچىلىرى خىتاي ئارقىلىق مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاننى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى خەلقئارا بازارغا ئايلاندۇرماقچى بولدى. دۇنيا بانكىسى ۋە باشقا بانكىلار بۇ تۇرلەر بويىچە ۋاك لى چۈەنگە، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە ياردەم بەرمەكچى بولۇشتى. قايسى بىر چاغدا دۇنيا بانكىسى بىگتۇەنگە ياردەم بەرگەن پۇلنى قايتۇرىدىغان چاغدا، ئۇيغۇر دېھقانلىرى تۆلىگەن، قايتۇرغان ئىدى. بۇ قېتىم كىم تۆلەيدۇ؟
تارىخ شۇ دەرىجىدە رەھىمسىزلىك بىلەن تەكرارلىنامدۇ؟ ئەينى چاغدا ئەنگلىيىنىڭ شياڭگاڭدا قۇرۇلغان بوستۇن بانكىسى زوزۇڭتاڭنىڭ ئۇيغۇرىستاندا تاجاۋۇز قىلىشىغا پۇل ياردەم بەرگەن. بۈگۈن دۇنيا بانكىسى ۋاڭ لى چۈەننىڭ ئۇيغۇرىستاننى تېخىمۇ كونترول قىلىشىغا ياردەم بەرمەكتە. خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئۇيغۇرىستانغا يەرلەشتۈرۈشكە ياردەم بەرمەكتە .

**خىتاي ھۆكۈمرانلىقى قاچان گۇمران بولىدۇ؟**

2006 – يىلى 10 –ئاينىڭ 24 – كۈنى

ھەرقانداق ئىمپېرىيە سەكراتقا چۈشكەندە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ياكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ سەكراتقا چۈشكەن ئۆمرىنى ئۇزارتماقچى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سەكراتقا چىشكەن ئىمپېرىيىگە ئۆزىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ھەقىقى ياردەم بېرىدىغان دۆلەتلەرمۇ بولىدۇ ياكى بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى – تاشقى زىددىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ بۇ ئىمپېرىيىنى ئاغدۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىدىغان دۆلەتلەرمۇ بولىدۇ. خىتاينىڭ گومىنداڭ پارتىيىسى ھاكىمىيتى

سەكراتقا چۈشكەندە ئاۋۋال ئامېرىكىدىن ئاندىن روسىيىدىن ياكى ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ ھەربىر قورال – ياراغ ياردەم بېرىشكە ئېرىشكەن. ئاخىرقى ھېسابتا ھەر ئىككىلا دۆلەت ئامېرىكا، سابىق سوۋېتلەر سابىق گومىنداڭ پارتىيىسىنى تاشلىۋەتكەن. كەلگۈسى دۆلەت مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتقان ۋە ئاسىيا – تىنچ ئوكيان رايونىدا ئامېرىكا دۆلەت كۈچىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى كۆزدە تۇتقان ئامېرىكا، ختاي گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ تەيۋەنگە قېچىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. تەيۋەندە ختاينىڭ گومىنداڭ پارتىيىسى بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇقتا ختاينىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا قارىمۇقارشى زىددىيەتلەرنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ئىدى.

چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ختاي زىيالىيلىرى ختاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ سەكراتقا چۈشكەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇن ماقالىلەرنى يېزىشتى. ختاي جەمئىيىتىنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىنى تەھلىل قىلىشتى، ختايدا كونتروللۇقنى يوقاتقان ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىشتى. ختاي تاشقى سودىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى، سودا شىرىكلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان سودا سۈركىلىشلىرىنى تەھلىل قىلىشتى ۋە ئاخىرىدا ختاي كوممۇنىستلىرى ھاكىمىيىتى گۇمران بولۇش دەۋرىگە كىردى دەپ، خۇلاسە چىقىرىشتى.

10 – ئاينىڭ 23 – كۈنى جۇڭگوغا نەزەر تور بېتىدە، ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى نىكولاس ۋىنتېرتون ئەپەندىنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرى ئېلان قىلىندى. ئەنگلىيە پارلامېنتىدا 35 يىل ئىشلىگەن، تەيۋەن گۇرۇپپىسىنىڭ رەئىسى ۋىنتېرتون، بۈيۈك ئىرا تور بېتى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «نۆۋەتتە ختاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ۋاستىلارنى قوللىنىپ، پىكىر ۋە سۆز مەتبۇئات ئەركىنلىكىگە يول قويماي، سەكراتقا چۈشكەن ئۆمرىنى ئۇزۇن

مۇددەت ئۇزارتالىشىغا ئىشەنمەيمەن. خىتاي كوممۇنىستلىرى گۇمران بولىدۇ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ گۇمران بولۇشى پەقەتلا ۋاقىت مەسىلىسىدۇر. بۇ توغرىدا كۆزىتىپ تۇرىمىز، بۇ توغرىدا مۇھاكىمە قىلىمىز، كەلگۈسى چوقۇم بىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. «جۇڭگودا ئۆزگىرىش باشلاندى باشلانغان ئىكەن بۇ ئەمدى توختىمايدۇ» دېدى نىكۇلاس ۋىنتېرتون ئەپەندى.

**ئويغىنىش دەۋرىگە كىرگەن قىرغىزىستان خەلقى**

2006 – يىلى 11 – ئاينىڭ 8 – كۈنى

ھەرقانداق ئىنسان، ھەرقانداق مىللەت غەلىبە قىلىشنىلا ئويلايدۇ. مۇستەملىككە مىللەتلەر مۇستەملىكچىلىكتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدۇ. ھەرقانداق ئىشتا غەلىبە قىلىشنى ئارزۇ قىلىش بۇ، ئىنساننىڭ تۇغما تەلىپىدۇر. بىراق، ھەرقانداق ئىش ئىنسانلار ئويلىغانەك ئۇنداق ئوڭايلا غەلىبىگە يېتەكلىمەيدۇ. نۇرغۇن ئەگرى – توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، قىممەتلىك تەجرىبىلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، سوبېيكتىپ ئارزۇلارغا ئوبيېكتىپ شارائىت ماسلىشىپ كەلگەندىن كېيىن ئارزۇلار، غەلىبە قىلىش ئارزۇلىرى بىر كېچىدە رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇمكىن .

قىرغىز خەلقىنىڭ دېموكراتىك كۈرەشلىرى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. ئۆتكەن يىلنىڭ مارت ئايلىرىدا قىرغىزىستاندا «رەڭلىك ئېنقىلاب» يۈز بەرگەن. پۈرسەتپەرەستلەر خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ تەختكە چىقىۋالدى. قىرغىز خەلقى خۇددى بىر ئۇغرىدىن قۇتۇلۇپ ئىككىنچى قاراقچىغا تۇتۇلۇپ قالغاندەك ئىش يۈز بەردى. شۇ چاغدا قىرغىزىستانغا رەئىس بولۇپ سايلانغان قوربانبېك باقىيېپ، ھازىرغىچە قىرغىزىستاندا دېموكراتىك سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىرىنچى پىلانغا قويماي ئەكسىچە قىرغىزىستاندا دېموكراتىك كۈچلەرنى باستۇرۇشنى كۈن تەرتىپكە قويۇپ خەلقنىڭ نارازىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. قوربانبېك

ھۆكۇمتى مۇستەبت كرىموپ ھۆكۇمتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، توقماق، ئوش قاتارلىق ۋىلايەتلەردە ئۇيغۇر ۋەتەنداشلارنى، ئۆزبېك قېرىنداشلارنى باستۇردى. گۇناھسىز دىنى ئەربابلارنى باھانە تېپىپ ئېتىپ ئۆلتۈردى.
قىرغىزستان ئويغاندى، قىرغىز خەلقى ئويغاندى، قىرغىزستان خەلقىنىڭ مەنپەئتى ۋە قىرغىزستان دۆلتىنىڭ مەنپەئتى بىلەن دېموكراتىك سىياسەتنىڭ مەنپەئەت تەلەپ ۋاستىلىرىنى بىرلەشتۈردى. ھەتتا نامايىشچىلار، يارامسىز ھۆكۇمەت قىرغىزستاننىڭ خەلقئارا ئىناۋىتىنى تۆكۈۋەتتى دەپ، پاش قىلىشتى.
قۇربانبېك باقىيىپ ھۆكۇمتى خىتاي كوممۇنىست مۇستەملىكچىلىرى بىلەن ئوتتۇرىدا كېلىشىم ئىمزالاپ، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنى، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدە باستۇرۇشنى پىلانغا كىرگۈزدى.
ئوتتۇرا ئاسىيادا قىرغىز خەلقىنىڭ ئويغىنىشى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئويغىنىشىغا تۈرتكە بولالامدۇ، - يوق؟ قىرغىزستاندا يۈز بەرگەن دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكىتى يەنە باشقا ئەللەرگە شۇ رەۋىشتە تەسىر كۆرسىتەلەمدۇ، - يوق؟ قىرغىز خەلقىنىڭ باشقا ئەللەر خەلقلىرىنىڭ قۇلىقىدىن چوجاپ ئورنىدىن قوپۇرۇپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق .
گروزىيە خەلقى، قىرغىز خەلقى بۈگۈن ھەقىقى مىللى ھاياتىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللى روھنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئەمدىلا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلاپ قىرغىزستاندا مېۋە بېرىشكە باشلىدى.

**نەنسى فىلوسى خانىم**

2006 – يىلى 11 – ئاينىڭ 9 – كۈنى

جۇڭگولۇق ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت تەتقىقاتچىسى خې شىن ئەپەندى، 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدا يازغان ماقالىلىرىدا: «قولتۇق ئۇرۇشى جۇڭگوغا بىر قېتىملىق تىنىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى، قولتۇق ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى ئۈچ يىل جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئۈچ يىل بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن تۇنجى قېتىملىق قولتۇق ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىلى 16 يىل بولدى. ھازىرغىچە جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ھەرقانداق بىر سىياسەت ھەرقانداق بىر جايدا ئوتتۇرىغا چىقمىدى. جياڭ زېمىن 1997 – يىلى 7 – ئايدا شياڭگاڭدا بايراق چىقىرىپ، شۇ يىلى 10 –ئايدا ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىپ، قىزىل گىلەمگە ئاياغ باستى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگونىڭ ۋەكىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىككى پارچە قانۇنغا ئارقىمۇ – ئارقا قول قويۇپ ياخشىلىققا، ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بەرگەندەك بولدى. 1999 – يىلى 5 – ئايدا خىتاينىڭ بىلگىراتتىكى ئەلچىخانىسىغا راكېتا تېگىپ كەتتى. ئارقىدىنلا خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنىڭ قەدىمىنى تىزلەتتى. 2000 – يىلى 4 – ئاينىڭ 1 – كۈنى جەنۇبىي جۇڭگەو دېڭىزىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئامېرىكىنىڭ رازۋېت ئايروپىلانى بىلەن خىتاينىڭ كۈرەشچى ئايروپىلانى سوقۇشۇپ كېتىپ ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى جىددى ۋەزىيەتكە كىرىپ قالدى. 2001 – يىلى 12 – ئاينىڭ 12 – كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئالدىراپ – تېنەپ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەنلىكىنى جاكارلاپ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئاچچىقىنى پەسكويغا چۈشۈرگەن بولدى.

تېررورىستلار «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»نى پەيدا قىلغاندىن كېيىن خەلقئارا تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە ماسلاشقان خىتاي مۇستەملىكچىلىرى، شۇ جەھەتتە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بىلەن ھەمكارلاشقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا

ئۇيغۇر سىياسى ئاكتىپلارنى باستۇرۇشنىڭ توسالغۇسىز پۇرستىگە ئېرىشتى. 2003 – يىلى ئىراق ئۇرۇشى باشلاندى. ئۇيغۇرىستاندا باستۇرۇشنىڭ يەنە تولۇق پۇرستىگە ئېرىشكەن ختاي مۇستەملىكچىلىرى گۇمانلىق دەپ قارىغان ئۇيغۇرلارنى تېررورىست جىنايىتى بىلەن ئەيىپلەپ، ئوتتۇرا شەرقتە قۇرۇلغان بەزى دىنى پارتىيىلەرنىڭ نامىنى ئۇيغۇرىستانغا يۆتكەپ كېلىپ، ئۇيغۇر سىياسى ئاكتىپلارنى قولغا ئېلىشنىڭ باھانىسىگە ئايلاندۇرۇپ ئۇيغۇر ياشلىرىنى بىر – بىرلەپ تۈرمىگە تاشلىدى.
ئۇرۇش ئامېرىكىنىڭ بارلىق دىققىتىنى ئوتتۇرا شەرىققە يۆتكەپ كەتتى. ختايغا قاراتقان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى تەكىتلەپ تۇرۇشى سۇسلىشىپ كەتتى. ھەتتا، ختاي، ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرى ھەمكارلىق، قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك مۇناسىۋەتكە ئايلانغاندەك بولدى. ئامېرىكىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق كارخانىسى، شىركەتلىرى ختايغا مەبلەغ سېلىپ، ختايغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ ۋەزىيەتنى تەسۋىرلەپ كۆرسەتكەن ختاي سىياسەتۋازلىرى، ئامېرىكىنى ئىقتىسادى جەھەتتە يوتىمىزغا چېتىۋالدۇق. ئەمدى ئامېرىكا بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلىدىغان دۆلەت بولماي قالدى، دېيىشتى (ئاقماق ختايلار جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ چەت ئەل مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى) شۇنىڭدىن كېيىن ختاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرىستاندا باستۇرۇش، ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى ئېتنىك سۈپەتتە يوقۇتۇش سىياسى ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى.
ئامېرىكىدا ئوتتۇرا مەزگىللىك سايلام ئاخىرلاشتى، تەھلىلچىلەر ئامېرىكىنىڭ سىياسى قاتلىمىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئامېرىكىنىڭ ئىچكى – تاشقى سىياستىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى مۇمكىن دېيىشتى. ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسىنىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىسىدا ئانلىزچىلارنىڭ دىققىتى دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى نەنسى فىلۇسى

خانىمغا مەركەزلەشتى. ئامېرىنىڭ كېيىنكى جۇڭگو سىياستىدە نەنسى فىلۇسى خانىم قانداق رول ئوينايدۇ، دېگەن مەسىلە مۇنازىرىنىڭ مۇھاكىمە تېمىسىغا ئايلاندى.
دېموكراتلار پارتىيىسى دۆلەت مەجلىسىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. نەنسى خانىم بۇرۇن «ۋەتەنپەرۋەرلىك قانۇن لايىھىسى»گە، «دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى» قۇرۇشقا، سادامنى تەختىن چۈشۈرۈشكە، يۇقرالارنىڭ تېلېفون ئالاقىسىنى يوشۇرۇن ئاڭلاشقا قارشى تۇرغان. ھەتتا 25 مىليون ئىراق خەلقىنى «ئازاد قىلىش» بىر خىل خاتارلىق دەپ، كۆرسەتكەن .
نەنسى فىلۇسى خانىم ئامېرىكا مەمۇرى دائىرلىرىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سودا سىياستى، كىشىلىك ھوقۇق سىياستىنى ئىزچىل تەنقىدلەپ كەلگەن. نەنسى خانىم : «ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياستىنى مەيلى جۇمھۇرىيەتچىلەر، مەيلى دېموكراتلار بەلگىلىگەن بولسۇن ئوخشاشلا مەغلۇپ بولغان سىياسەت» دەپ، كۆرسەتكەن. بۇ قېتىم كېلەر يىلى 1 – ئايدا نەنسى فىلۇسى خانىم ئاۋام پالاتاسىغا پارلامېنت باشلىقى بولۇپ سايلىنىدىغانلا بولسا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق سىياستىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولامدۇ، - يوق؟ يېڭى خىزمەتكە تەيىنلەنگەندە بۇرۇنقى غەيرىتىڭىز بىلەن ئىشلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز نەنسى پىلوسى خانىم .

**ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھوقۇقى ...**

2006 – يىلى 11 – ئاينىڭ 13 – كۈنى

13 – كۈنى ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسىنىڭ خىتاي تىلى تېلېۋىزيە پروگراممىسىدا بېيجىڭلىق ئادۋوكات مۇشاۋىپىك ۋە كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ت. كومار ئەپەندىلەر خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۆلۈم جازاسى بېرىش «ھوقۇقى»نى

جايلاردىن يىغىشتۇرۇۋېلىپ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىشتى.
57 يىل ئۆتتى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۆلۈم جازاسى بېرىش تەرتىپىنى قانچە قېتىم يەرلىك ئەدلىيە ئورگانلىرىغا چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكىنى، يەنە قانچە قېتىم ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشىغا قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ.
ئادۋوكات مۇشاۋېك: «ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك جىنايەتلەرنىڭ تۈرى 1979 – يىلى 20 خىلدىن ئاشاتتى، 1997 – يىلدىن باشلاپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان جىنايەتلەرنىڭ تۈرى 68 خىلغا يەتتى دەپ، ئىزاھلىدى. ئادۋوكات مۇشاۋېك يەنە: «ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئادەتتە ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت رايونلار پەرقىنى ئاساس قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتتى .
سىياسى جىنايەتكە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. چۈنكى، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىقتىسادى جەھەتتە خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن پەرقلىنەتتى. ئىقتىسادى قالاق بولغىنى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى كېرەكمىدى؟ خىتاينىڭ مەدەنىيىتى، ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتىدىن پەرقلىنەتتى. ئەگەر پەرقلەرگە ئاساسلىنىپ ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغان بولسا، خىتايدىن پەرقلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇيغۇرلاردىن پەرقلىنىدىغان سىياسى مەھبۇس خىتايلارغا نېمىشقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ؟ ئادۋوكات مۇشاۋېكنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا ئۆلۈم جازاسى بېرىش پەرقلەرنى ئاساس قىلامتتىغۇ؟
ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇراسىمنى ئۆتكۈزىدىغان ۋاقىت قىستاپ كەلدى. كەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆلۈم جازاسى توغرىسىدا خىتايغا قاراتقان بېسىمى كۈنسايىن ئېغىرلاشتى. شۇڭا خىتايغا نىسبەتەن ئۆلۈم جازاسى بېرىشتىن

ئېيتقاندا يەنە بىر قېتىم كاززاپلىق قىلىش، يەنە بىر قېتىم ئالدامچىلىق قىلىش، يەنە بىر قېتىم يالغانچىلىق قىلىپ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

ختاي مۇستەملىكچىلىرى قانۇن توغرىسىدا ئېغىز ئاچقاندا ئوخشاشلا ماركسىزىمنى ئېغىزغا ئالاتتى. پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى بوغۇپ تاشلىغان قانۇنلار توغرىسىدا ماركس: «بۇنداق قانۇن تۈزۈش پۇقرالارنىڭ قەدىر – قىممىتىنى ھاقارەتلىگەنلىك، مەۋجۇتلۇق ھوقۇقىغا تەھدىت سالىدىغان سۈيىقەستلىك قىلتاق» دەپ كۆرسەتكەنتى. ئۇنداقتا ختاي مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگە تاقاشقاندا ماركسىزىمنى ئېغىزغا ئېلىشقا بولمايدىكەندە؟!

يەنە شۇنداقلا ماركس :«ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى جازالايدىغان قانۇننى مۇستەبىت قانۇن، ۋەھىملىك قانۇن دەپ، كۆرسەتكەن. ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ قورچاق ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۆلۈم جازاسى بەرگەن ئۇيغۇرلار قەيەردە، كىمگە، زوراۋانلىق ئىشلەتكەن؟ ختاي مۇستەملىكچىلىرنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېغىر مەسىلە ياكى ئېغىر جىنايەت دەپ، بېكىتكەن ئاتالمىش مەسىلىلەر ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئېيتقاندا تېخى ھەرىكەتكە ئايلانمىغان ئىدىيىۋى مەسىلىلەر ئىدى خالاس. بۇ يەردە ختاي ئۆلۈم جازاسى بەرگەن ئۇيغۇرلار پەيدا قىلغان ئەسلى ھادىسە جىنايەت ئەمەس بەلكى خائىشتۇر. خائىشنى جىنايەت دەپ، قوغلىشىدىغان قانۇندا قانۇن تۇرغۇزۇشنىڭ شەكلى ئۇنىڭ مەزمۇنى بىلەن زىددىيەتلىك بولۇپ قالىدۇ. خائىش قوغلىشىدىغان قانۇننى ماركس: «قانۇن ئەمەس، بەلكى ئىمتىياز» دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا ختاينىڭ قانۇنلىرى ئەسلى مەنىدىكى قانۇنلار ئەمەس بەلكى ئۇيغۇرلارغا مىللى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مىللى ئىمتىيازنىڭ شەكلىدۇر.

**داۋالغۇش دەۋرىگە كىرىپ قالغان جۇڭگو**

2006 – يىلى 11 – ئاينىڭ 15 – كۈنى

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى «سوتسىيالىزىمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى»، «جۇڭگوچە سوتسىيالىزىم»، «جۇڭگو تەرەققىي قىلىۋاتقان 3 – دۇنيا ئەللىرىگە مەنسۇپ» دۆلەت دەيدىغان شۇئارلارنى توۋلاپ چىقىپ، خىتاي جەمئىيىتىگە مەجبۇرلاپ تېڭىپ، تەرەققىياتقا باغلىق ھەرقانداق ئىشنى باشقا ئىبلىس چىقالمىغان جۇڭگو، ئەمدى بۈگۈن كاپىتالىزىمنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرىگە كىرىپ كەلدى. قىسقىغىنىچە 25 يىل ئىچىدە يېرىۋوت زاپىسى دۇنيا بويىچە 1 – ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەتكە، سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ئامېرىكىنىڭ ئاۋىئاماتكىسىنى ھەربىي نىشانغا ئالالايدىغان دۆلەتكە ئايلاندى. ھەتتا، 1989 – يىلى تيەنئەنمىن مەيدانىدا ئوقۇغۇچىلارنى قىرغىن قىلغان دېڭ شياۋپىڭ ئامېرىكىدا دەۋر ژۇرنىلىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى بويىچە 60 يىلدىن بېرى ئاسىيادا ئوتتۇرىغا چىققان بۈيۈك دائىلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كىمنىڭ كۈچى بولىدىكەن، ئاللاھ كۈچى بارلار تەرەپتە تۇرىدۇ، دېگەن گەپنىڭ راست گەپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدىم.

ماركىس: «زامانىۋىلىشىش چىرىكلىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. راست شۇنداق بولدى. جۇڭگودا تەرەققىيات، جۇڭگودا زامانىۋىلىشىش، چىرىكلىشىش، خىيانەتچىلىك بىلەن پاراللېل بولۇپ قالدى.

جۇڭگودا خىيانەتچى خىتايلارنىڭ خىيانەت قىلىش ۋاستىسى نېمە؟ ئۆي – ئىمارەتچىلىك يەنى ئۆي – ئىمارەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جۇڭگودا خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئەمەلدارلىرىنىڭ خىيانەت قىلىشىنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى بولۇپ قالدى. ئۆي – ئىمارەت سېلىش ئۈچۈن يەر ئىگىلەش كېرەك بولىدىغۇ؟ خىيانەتچىلەر ھەقسىز، ئەرزان باھادا يەر سېتىۋېلىشقا باشلىغاندا جۇڭگو يۇقرالىرى دېھقانلىرى يەرسىز قالدى. ھازىرقى جۇڭگودا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرگە باغلىق يۈز بېرىۋاتقان قانلىق

توقۇنۇشلار – ساقچى كۈچى، ھەربىي كۈچى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىماقچى بولۇۋاتقان خىيانەتچى ختاي ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەقەللى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەقەللىي ماددى ئاساسلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان ختاي پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بولۇپ قالدى. ختاي پۇقرالىرى ئۇيغۇر پۇقرالىرىدەك قولىنى قوپۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدىكەن، كۈرەش قىلىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىكەن .

بۇ يىل 4 – ئاينىڭ 27 – كۈنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ كەيپىڭ شەھىرىدە يەر مەسىلىسىگە ئائىت دېھقانلار بىلەن قوراللىق ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ توقۇنۇش 28 – كۈنى قانلىق توقۇنۇشقا ئايلاندى. 5 – ئاينىڭ 27 – كۈنى شەنتۇ شەھىرىدە قوراللىق ساقچىلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەردى. 6 – ئاينىڭ 15 – كۈنى شۇندى دېھقانلىرى بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەردى. 8 –ئاينىڭ 22 – كۈنى جىجاڭدا دېھقانلار بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەردى. 9 – ئاينىڭ 26 – كۈنى دۇڭچۇ ۋىلايىتىنىڭ پۇدەن شەھىرىدە دېھقانلار بىلەن قوراللىق ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەردى. 10 – ئاينىڭ 17 – كۈنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شۇندى شەھىرىدە دېھقانلار بىلەن قوراللىق ساقچى قىسىملار ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەردى. 11 – ئاينىڭ 5 – كۈنى سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرىدە دېھقانلار بىلەن قوراللىق ساقچى قىسىملار ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەردى. 11 – ئاينىڭ 11 – كۈنى گۇاڭدۇڭ ئۆكىسىنىڭ سۈنجۇ شەھىرىدە دېھقانلار بىلەن قوراللىق ساقچى قىسىملار ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەردى...

ئاجىز ئاۋامنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش، ئويغىنىش غەيرىتى ئۆرلىگەنىدە ختاي مۇستەملىكچىلىرى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بۈگۈنكى جۇڭگو داۋالغۇش دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.

**سىياسى ئىسلاھات ۋە خەلقئارا قانۇننى تەستىقلاش**

2006 – يىلى 11 – ئاينىڭ 30 – كۈنى

6 – ئومۇمى يىغىندا جۇڭخۇئانخۇئانىڭ بەگلىرى ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، سىياسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەمئىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ يېڭىلىق ياراتماقچى، ئىشىڭنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋەتمەكچى ۋە شۇ ئىشلارنى قىلىش توغرىسىدا ئورتاق تونۇشقا كەلگەندەك بولدى.

خىتاينىڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى، 1998 – يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا جۇڭگونىڭ دائىمى تۇرۇشلۇق ۋەكىلى چىن خۇاسۇن ئەپەندى قول قويغان «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسى ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نى ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇراسىمىنىڭ ئالدى – كەينىدە تەستىقلاپ خەلقئارا جەمئىيەتكە، ئولىمپىك كومىتېتىغا سوۋغا قىلماقچى بولدى. تەستىقلاپ سوۋغا قىلىش، تەستىقلىغاندىن قانۇننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجرا قىلىپ سوۋغا قىلىش بىر – بىرىگە مۇناسىۋەتلىك، بىر سىستېمىلىق جەريان بولۇشى كېرەك. تەستىقلاشمۇ يالغان، ئىجرا قىلىشمۇ يالغان بولۇپ قالماسلىقى لازىم. خەلقئارا جەمئىيەت سوۋغىنىڭ ھەقىقى سوۋغا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن خىتاي دۆلىتىنىڭ ئەمدى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشى لازىم. جۇڭخۇئانخۇئانىڭ بەگلىرى ئۇيغۇرلارغا يالغان سۆزلەپ يالغان ۋەدە بەرگەندەك، خەلقئارا جەمئىيەتكە ھەم يالغان سۆزلەپ يالغان ۋەدە بەرمەسلىكى، ئۇيغۇرلارنى ئالدىغاندەك خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالدىماسلىقى لازىم .

بۇ قانۇننىڭ 1 – ماددىسىدا: «بارلىق خەلقلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن. ھەمدە «ئۇلار بۇنداق ھوقۇقلارغا تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسى ئورنىنى ئىختىيارى بەلگىلەيدۇ، ھەمدە ئۆزىگە خاس ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىختىيارى ئىزلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. جۇڭخۇئانخۇئانىڭ بەگلىرى

سىياسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بارماقچى بولدى. ئۇيغۇر «ئاپتونوم» رايون مەمۇرى ئاپپاراتىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىياسى ئورنىنى ئۆزلىرى بەلگىلىشىگە يول قويامدۇ، يوق؟ خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بارماقچى بولدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا ئىقتىسادى ساھەدە يەر ئاستى، يەر ئۈستى بايلىقىدىن ئىختىيارى پايدىلىنىشىغا يول قويامدۇ، يوق؟ خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرىستانىنىڭ بېقىندى مۇستەملىككە ئىقتىسادى مەۋجۇتلۇقىنى ئىسلاھ قىلىشقا پېتىنامدۇ، يوق؟ خىتاي مۇستەملىكچىلىرى مەدەنىيەت، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بارماقچى بولدى. ئەمدى بۇ قانۇننى تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر مائارىپىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرەمدۇ، يوق؟ ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىياسى مەدەنىيەت يارىتىشىغا يول قويامدۇ، يوق؟ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسى پارتىيىلەرنى قۇرۇشىغا نامايىش قىلىش، سىياسى ھەرىكەتلەرنى تەشكىللىشىگە، كىشىلىك ھوقۇقىقا ئىزلىنىشكە، سىياسى ئورنىنى ئۆزلىرى بەلگىلەشكە يول قويامدۇ، يوق.

ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستانىنى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئازاد قىلغان ئەمەس. 20 – ئەسىرنىڭ 40 – يىللىرىدا ئۇيغۇرلار ئىككىنچى قېتىملىق قوراللىق مىللى ئىنقىلاب ئارقىلىق، ئۇيغۇرنىڭ مىللى ئازادلىق ئارمىيىسى ئازاد قىلغان «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان ئىدى.

«ئىنقىلابى پارتىيە» دەپ ئاتالغان كوممۇنىست خىتايلارنىڭ «شىنجاڭ»دا ھاكىمىيەت بېشىغا كېلىشى قانۇنسىز كېلىش ئىدى. پەقەت ئۇيغۇر مىللى دېموكراتىك ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنىڭ «شىنجاڭ»دا ھاكىمىيەت بېشىغا كېلىشى بۇ قانۇنلۇق كېلىش ئىدى.

**ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىشىش**

2006 – يىلى 12 – ئاينىڭ 1 – كۈنى

ئامېرىكا، ھىندىستان مۇناسىۋەتلىرى، خىتاي ھىندىستان مۇناسىۋەتلىرى، خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇناسىۋەتلىرى، ئامېرىكا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇناسىۋەتلىرى، روسىيە، خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى تەسىر دائىرىسىگە، مەنپەئەت دائىرىسىگە ئېلىشنى نىشان قىلغان ھالدا ۋە يۇقىرىقى دۆلەتلەر ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن سىياسى مەخسەتلەرنى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭى ۋاستىسى قىلغان ئەھۋالدا، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ئىقتىساد ساھەسىدە ھەمكارلىشىش، دىپلوماتىيە ساھەسىدە ھەمكارلىشىش، ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن رىقابەتلىشىش جىددى دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئى گاز، خام نېفىت، ئورانىيوم قاتارلىق تەبىئى بايلىقلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانى جۇملىدىن قەدىمى يېقىن شەرق مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلانغان ئۇيغۇرىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيانى ئېنېرگىيە مەسىلىسى بويىچە دۇنياۋى دىققەتنىڭ مەركىزىگە قويدى. بۈگۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ئېنېرگىيە مەسىلىسى بويىچە ھەم دېموكراتىك سىياسەت مەسىلىسى بويىچە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى ھەم دۇنيانىڭ سىياسى سەھنىسىگە چىقتى. ئېنېرگىيە مەسىلىسى بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيانى نەزەرگە ئالغان ھەرقانداق دۆلەت، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسى بويىچە ھەم ئوتتۇرا ئاسىيانى دىققەت مەركىزىگە قويىشى كېرەك بولدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇشقا يېتەكلەش، پۈقرالار جەمئىيىتى قۇرۇشقا يېتەكلەش بىرلا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قولىدىن كېلەتتى. ئىراق ئۇرۇشى تۈپەيلى ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىياغا ئارتۇق كۆڭۈل بۆلۈشنى دائىمى كۈن تەرتىپكە قويالمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا بۇ رايوندا بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇستەملىكىگە ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسىدە خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئاسىياچە فاشىزىملىق سىياسەتنى يولغا قويۇپ،

ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىپ يوقۇتۇش سىياستىنى ھەر جەھەتتە قەھەتچىلىك پەيدا قىلىش بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈپ يوقۇتۇش سىياستىگە ئۆزگەرتتى. پاكىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق دۆلەتلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈش، ئۇيغۇر ھاياتىغا چەك قويۇش سىياسەتلىرىگە ماسلىشىپ بەردى .

زامانىنى چۈشىنىپ تۇرغان جۇڭنەنخەي ۋە خىتاي كۆچمەنلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى ۋاڭ لىي چۈەن خىتاي زامانىنىڭ تەلەپلىرىگە قارشى يول تۇتۇپ بۇ يەردە ئۈچ يۈز سەر تەڭگە يوق، يەنى ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلار مەسلىسى مەۋجۇت ئەمەس دېمەكچى بولدى. ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە بولۇپمۇ روسىيىگە قاراتقان دىپلوماتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرىستان – ئۇيغۇرلار مەسلىسى ئىدى.

جۇڭنەنخەي ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش سىياستىنى كۆتۈرۈپ چىققان بۈگۈنكى كۈندە، مەنپەئەت گۇرۇھلىرنىڭ خىتاي جەمئىيىتىدە سەپ تارتىپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى جۇڭنەنخەي كۆرۈپ يەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭمۇ بىر مەنپەئەت گۇرۇھى بەلكى تەلەپچان مەنپەئەت گۇرۇھى ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى لازىم .

www.uyghurbahari.com

ئۇيغۇر باھارى

Uyghur Bahari